# ئىزدىنىش

(تاللانما)

10

1994

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1994-يىل 10-سان

(ئومۇمىي 76-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994-يىل-لىق 14-، 16- ۋە 17-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

**مۇندەرىجە**


رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش كېرەك ........................................ خۇجىنتاۋ ( 2 )

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى، تەشۋىق قىلايلى، تەتقىق قىلايلى ................ دىڭ گۇەنگېن ( 19 )

ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش ۋە مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش ھەققىدە ................................................ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى ( 30 )

.ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە دائىر مۇھاكىمە.

جايىدا بولغان تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم ........................................ لى چېڭرۇي ( 40 )


★10-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشىردىن چىقتى★

---


نەشىر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى:100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا ئېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)


---

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش كېرەك*

خۇ جىنتاۋ

بۇلتۇر 8-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەشكىلىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا، رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىغا قويۇش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغىنىغا بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. بۇ مەزگىل ئىچىدە، مەركەز ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى بەلگىلىدى ۋە خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىغا يېڭى مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق شارائىتمۇ يارىتىپ بەردى. چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ نۇقتا بار: بىرىنچىدىن، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى ھەمدە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش/دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاشقا ئائىت بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى، بۇنىڭ بىلەن ھەم رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە تەلەپ قويۇلدى، ھەم رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىپ، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىلدى. ئىككىنچىدىن، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-تومىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى ۋە مەركەزنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئىلمىي

---

* بۇ —— ئاپتورنىڭ 1994-يىل 6-ئاينىڭ 29-كۈنى مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى بويىچە مىنىستىرلىك (بۇلۇم)، كومىتېت دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىغا دائىر تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى، ژۇرنىلىمىزغا بىرئاز قىسقارتىپ بېسىلدى.

نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش ئاساسىغا قويۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۈچىنچىدىن، مەركەزنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينىدى ۋە داۋاملىق ئويناۋاتىدۇ. بۇ بىر مەزگىلدىكى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك پارتكوملار ۋە مەركەز، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مىنىستىرلىك ( بۆلۈم )، كومىتېتلار رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا نىشان جەھەتتىن تەلەپ قويۇپ، بىر قەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلگەن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. بۇ، ئۇلار باشقۇرغان رايون ۋە ئورۇنلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ يىل ئىسلاھات ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدىغان ھالقىلىق بىر يىل بولۇپ، ۋەزىپىمىز ئېغىر، ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا نۇرغۇن زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارغىمۇ يولۇقىمىز. لېكىن يېرىم يىلدىن بۇيان ئىسلاھات ئىشلىرىمۇ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، پۈتكۈل دۆلەت ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولماقتا، بۇ ھال مەركەزنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ كادىرلارنىڭ مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، شۇنداقلا بىر يىلدەك ۋاقىتتىن بۇيان رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش بويىچە قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

يېڭى ۋەزىيەتتە قانداق قىلىپ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش مەسىلىسىدە، ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى ئىزدىنىش ئارقىلىق بەزى تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق. بۇ تەجرىبىلەر، يىغىپ ئېيتقاندا، ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىش، بىرىنچى باشلىقنىڭ باشلامچىلىقىدا، پۈتۈن بەنزىدىكىلەر بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ تۇتۇش؛ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، نۆۋەتتىكى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ۋە فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىش؛ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، بىر مەزگىل ئىچىدە نۇقتىلىق ھالدا بىر-ئىككى ئاساسىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىش؛ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى بىلەن تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ۋەھاكازا. بۇلار دەسلەپكى تەجرىبە بولسىمۇ، ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزئارا

ئۆگىنىپ، بىر-بىرىڭلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، بۇندىن كېيىنكى ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇ تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

نۆۋەتتە، پارتىيىمىز مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا شارائىتتا تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ كەڭ كۆلەملىك، چوڭقۇر، تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىنى پائال ئالغا سىلجىتماقتا. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىغا يېڭى تەلەپلەرنى قويدى، ئۇ ئاساسەن مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: ( 1 ) مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ چىقىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىز كونا تۈزۈلمىدىن يېڭى تۈزۈلمىگە بۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىۋاتىمىز، بۇ، بىر قېتىملىق تۈپ خاراكتېرلىك ئىسلاھات، پۈتۈنلەي يېڭى، ئىنقىلابىي تۈسنى ئالغان ئىگىلىك يارىتىش جەريانى بولغاچقا، بىزنىڭ باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھى ۋە خىسلىتىنى راسا ئەۋج ئالدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ؛ ( 2 ) ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەش بىلەن نۇقتىلىق بۆسۈش بىرلەشتۈرۈلگەن باسقۇچقا كىرگەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز ئىلگىرى دۇچ كېلىپ باقمىغان، ئىقتىساد، سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر ۋە چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن، بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىك ئىدىيىۋى سەۋىيە ۋە سىياسەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇش كېرەك؛ ( 3 ) بۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى چوڭ بىر بالداق كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تېزلىكتە ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش يولىغا سېلىشىمىز، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ ۋە باشقا تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىپ، سۇبيېكتىپچىلىقتىن ساقلىنىشىمىز جىددىي زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ؛ ( 4 ) جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوبدان تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىش كېرەك، بۇ بىزنىڭ توغرا

بولغان ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى مەھكەم ئىگەللىشىمىزنى، ئىككى قولدا تۇتۇشتەك رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك سەنئىتىنى ئوبدان ئىگەللىشىمىز ۋە تەتبىق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ( 5 ) ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىكنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھالقىلىق باسقۇچىدا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى بىر تۈپ تەلەپ بولۇپ قالدى. مانا بۇ يېڭى ئەھۋال، يېڭى خۇسۇسىيەتلەر رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى، رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارى ئۈچۈن بىر يېڭى سىناق ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىمىزنى يۇقىرى ئۆلچەم ۋە قاتتىق تەلەپ بويىچە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئوبدان ئادا قىلالايمىز. بۇ ھەقتە، بىزدە چوقۇم سەگەك چۈشەنچە بولۇشى كېرەك. ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تۆۋەن ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەپ كۆڭلىمىزنى ياسىساق، ئومۇمەن ياخشى بولۇۋاتىدۇ دەپ قانائەتلەنسەك بولمايدۇ؛ ئۇنى ھازىرقى سەۋىيىدە توختىتىپ، ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەلىپىگە سەل قاراپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىش روھىغا ئىگە بولمىساقمۇ بولمايدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان شارائىتتىكى ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ پارتىيە 8-قۇرۇلتىيىدا پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتىدا ۋە 1962-يىلى كېڭەيتىلگەن مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە پارتىيە تۇرغان شارائىت ۋە دۇچ كەلگەن ۋەزىپە جەھەتلەردە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكى، ئاساسىي مەزمۇنى ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى فاڭجېن، پرىنسىپلارنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ھالدا چوڭقۇر شەرھلەپ ئۆتكەندى، بۇ شەرھلەر بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ناھايىتى مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئالدى-كەينىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشقا رەھبەرلىك قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدا ستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا، ئالدى بىلەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش جەھەتتىن تۇتۇش قىلغانىدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى جەھەتتە تۈپ خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، يېڭى تارىخىي ۋەزىپىلەرنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئاساس سېلىنغانىدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى باشلانغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا تەشكىلىي لۇشيەن ئارقىلىق كاپا-

لەتلىك قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي
چىڭ تۇرىدىغان، پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك بولغان كىشىلەر ئىشىمىزنى ئۈتكۈز ۋۇالغاندا ئاندىن
ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. بارلىق كادىرلاردىن
بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن نەمۇنىلىك-باشلامچىلىق رولىنى ئويناپ، جاپا-مۇ-
شەققەتكە چىداپ، ئاددىي-ساددا ياشاش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئىستىللىرىنى تازا
ئوبدان ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1985-يىلى، ئېلە-
مىزدە ئىسلاھات ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان، كادىرلار قوشۇنىدىكى يېڭى كادىرلار
بىلەن كونا كادىرلار ئالمىشىش ئىشىدا چوڭراق قەدەم تاشلانغان يېڭى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ،
يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەت-
تى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزمنى يېڭى ئەمەلىيەتكە
بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خىزمەتتىكى پرىنسىپاللىقنى، سىستېمىلىقنى،
ئالدىن كۆرەرلىكنى ۋە ئىجادكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك. ياش ۋە ئوتتۇرا ياش
كادىرلار ۋارىسلىق قىلىشتا، ھەممىدىن مۇھىمى پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەش
يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن قەھرىمانلىق روھىغا ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك. مەسىلىنى
ھەل قىلىشتا، كادىرلارنىڭ ياش بولۇشى، كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ.
ئېسىل ئىستىلىمۇ بولۇشى كېرەك. جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئامما
ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئۇلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىش لازىم؛ راست گەپ قىلىشقا
جۈرئەت قىلىش، يالغان گەپ قىلىشقا قارشى تۇرۇش، قۇرۇق شۆھرەتكە بېرىلمەي، كۆپرەك
ئەمەلىي ئىش قىلىش كېرەك؛ ئومۇمىيلىق بىلەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ چېكىنى ئېنىق
ئايرىش، پرىنسىپ ھېسابىغا كۆڭۈلچەكلىك قىلماسلىق لازىم؛ ياخشىلارنى ئىشقا قويۇش
لازىم، يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇشقا قارشى تۇرۇش كېرەك. 1992-يىلىنىڭ بېشىدا يولداش
دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ،
تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، پۈتۈن زېھىن بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۇكسەلدۈرۈشنى تەكىت-
لىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ
ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش-قىلالماسلىق، سوتسىيالىزمدا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىك-
نى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىق، ئىقتىسادنى تېز رەك تەرەققىي قىلدۇرۇش-قىلد-
دۇرالماسلىق، دۆلەت ئەبەدىي ئامان بولۇش-بولالماسلىق، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەمگە
باغلىق. مۇھىمى، كومپارتىيىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىنى ياخشىلىشىمىز لازىم. ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كې-
رەك، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش لازىم. بيۇروكراتلىقنى، شەكىللۋاز-
لىقنى تۈگىتىش كېرەك. 15 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، يولداش

دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى جۈملىدىن رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار بايانلىرى تامامەن توغرا. ئۇنى ياخشى ئىزچىل ئىجرا قىلغىنىمىزدا، ئىلگىرىلىشىمىز تېز بولدى، خىزمەت نەتىجىلىرىمىز چوڭ بولدى؛ ئەكسىچە بولغاندا، ئىلگىرىلىشىمىز ئاستىراق، نەتىجىلىرىمىز ئازراق بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، بىز رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىمىز دېسەك، چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىنى يېڭى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، داۋاملىق ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئۇنىڭغا نىشان جەھەتتىن قويۇلغان تەلەپ مۇنداق: پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىكنى ساقلاپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى ۋە ھەرىكەتتىكى يۈكسەك بىرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، ئەمەلىي ئىش قىلىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ، ماسلىشىپ ئىشلەيدىغان، پاك-تىرىشچان، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ھەر تەرەپلىمە ئىزچىللاشتۇرىدىغان قۇدرەتلىك كوللېكتىپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، نۆۋەتتە، يۇقىرىقى ئومۇمىي نىشان ۋە تەلەپكە ئاساسەن، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقى جەھەتتىكى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، نەزەرىيىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ئورگان خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى، كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**بىرىنچى، نەزەرىيىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىدىيە ۋە سىياسەت جەھەتتە سەۋىيەنى ئۆستۈرۈشتە يېڭى، كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولۇشى كېرەك.**

ماركسىزم نەزەرىيىسى پارتىيىمىزنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئىلمىي ئىدىيىۋى قورالىدۇر. ماركسىزمنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيىۋى سەۋىيەنى ئۆستۈرۈش رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ تۈپ ھالقىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى. يېڭى دەۋردە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، بۇ نەزەرىيىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىم؛ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىدا يېڭى، كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇشۇ جەھەتتە يېڭى، كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشى كېرەك. رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، خىزمىتى ئالدىراش ئىكەنلىكى پاكىت، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. رەھبىرىي يولداشلارنىڭ كەسپكە پىششىق بولۇشى مۇھىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلىشى ئۈچۈن ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە قىزىقمىسا، نەزەرىيە جەھەتتە زۆرۈر ئاساس سېلىنۋالمىسا، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىمىغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، قابىل رەھبەردىن بولۇپ چىقالىشى ناھايىتى تەس. ئاساسلىق رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيىمىز ئىچىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى پارچە-پۇرات ئەمەس، سىستېمىلىق ھالدا، قۇرۇق ئەمەس، ئەمەلىي ھالدا ئىگەللىگەن زور بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يېتىلىپ چىققان بولسا، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلىدۇ، رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلىدۇ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشتىكى ئەھۋالى ئومۇمەن ياخشى بولدى. لېكىن ئۇنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، قىلچىمۇ بوشاشماسلىق كېرەك. مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئۇزاققىچە، چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قانداق قىلىپ چوڭقۇر ئۆگىنىشى توغرىسىدا يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا مۇنداق

دەپ كۆرسەتتى: نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىگىلەش، نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ نۆۋەت-
تىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىش كېرەك. بۇنىڭغا ھەممى-
مىز قوشۇلىمىز. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چىڭ
تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەندىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي مەزمۇننى چۆرىدەپ، ئىدىيىدە
ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى چوڭقۇر چۈشىنىشى-
مىز، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، ئىزدىنىپ، نەزەرىيە
سىستېمىسىنى ھەر تەرەپلىمە ئىگەللىشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر قاتار
نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىشىمىز، بۇ كۆز قاراشلارنىڭ
ئىچكى باغلىنىشىنى ئىگىلىشىمىز، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى ئىدىيىسىنى،
يېڭى كۆز قاراشلىرىنى، يېڭى ھۆكۈملىرىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئىلمىي دۇنيا قارىشى ۋە
مېتودولوگىيىسىنى ئىگىلىشىمىز كېرەك.

يولداش ماۋزېدۇڭ ماركسىزمنى ئۆگىنىش ئۈستىدە توختالغاندا، دىئالېكتىك ماتېرىيا-
لىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، توغرا مەيدان، نۇقتىئىنەزەر
ۋە ئۇسۇلنى ئىگىلەش كېرەكلىكىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ
شۇنداق قىلىپ كەلدى. رەھبىرىي يولداشلار ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمىتىنى پۈتۈن پارتىيە،
پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقى ئىچىگە، دۇنيا مىقياسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسا-
دىي قۇرۇلما ئىچىگە قويۇپ، تارماق دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئومۇمىيلىق يۇكسەكلىكى-
دە، ستراتېگىيە يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ھازىرقى ئەھۋالنى ئاساس قىلىش، كېلەچەككە نەزەر
سېلىش ئاساسىدا ئۆزخىزمىتىدىكى يېتەكچى ئىدىيىنى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىنى بەلگى-
لىشى، تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. بۇ تەلەپلەرنى ئورۇنداش
ئۈچۈن، مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز، يۈكسەك سىيا-
سىي سەزگۈرلۈككە ۋە چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىمىز، ماركسىزملىق مەي-
دان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى ئىگەللىشىمىز لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن بىز
پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى
قەتئىيلىك ۋە ئاڭلىقلىقنى ئاشۇرۇپ، تۇرۇپ" سول " تەرەپكە، تۇرۇپ ئوڭ تەرەپكە ئېغىپ
كېتىشتىن ساقلىنالايمىز؛ كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ،
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىغا تولۇق ئىشەنچ باغلىيالايمىز، ھەرقانداق ئەھۋال يۈز
بەرسىمۇ، قىلچە تەۋرەنمەي، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز؛ ھەقىقەتنى ئەمەلى-
يەتتىن ئىزدەشتە ۋە ئاممىۋى لۇشيەندە تۈپ ئاساستىن چىڭ تۇرۇپ، رەڭگارەڭ سۇبيېكتىپ-
چىلىقنىڭ، شۇنىڭدەك ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان تۈرلۈك ئوي-پىكىر ۋە قىلىقلارنىڭ
ئالدىنى ئالالايمىز ۋە ئۇلارنى تۈگىتەلەيمىز؛ رەھبەرلىك سەۋىيىمىزنى، ئومۇمىيلىقنى ئىگەل-

لەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، تەدبىر كۆرۈشتە ۋە خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنالايمىز.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمچە دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئىگەللەش ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر جاپالىق جەريان، كومپارتىيە ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆمۈر بويى تىرىشىشى، ھەرقانداق چاغدىمۇ ئۆزىنى قارىغۇلۇقۇقا پاتتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. بۇنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك چارىسى: قەيسەرلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، نەزەرىيىنى ئۆگىنىشنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا توغرا دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش داۋامىدا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىز، رەھبەرلىك ئۇسۇلىمىز ۋە رەھبەرلىك ئىستىلىمىزنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش، دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ رەھبەرلىك خىزمىتىمىزدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ، ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز چېنىقتۇرۇش. قىسقىسى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ”ئۆگىنىش——ئەمەلىيەت—يەنە ئۆگىنىش——يەنە ئەمەلىيەت“تەك دەۋر قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈپ يېتىلىپ، توختىماي ئالغا باسساق، رەھبەرلىك بەنزىلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى چوقۇم ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

## ئىككىنچى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش جەھەتتە يېڭى، كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش كېرەك

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن بۇيان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ قەدىمى روشەن ھالدا تېزلىتىلدى، ئىسلاھات ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇش، نۆۋەتلىك بۆسۈپ ئۆتۈش داۋامىدا كۆنسايىن چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا، بىر تەرەپتىن، ئەسلىدىكى بەزى زىددىيەتلەر پەيدىنپەي پەسىيىپ قالدى ياكى ھەل قىلىندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن چوڭقۇر قاتلامدىكى زىددىيەتلەر كۆنسايىن گەۋدىلىنىپ چىقماقتا. ھازىر ھەممىمىز پۈتكۈل ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىق ھالدا ياخشىلىنىش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولماقتىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەزىپىمىزنىڭ ئېغىر ۋە مۇشكۈللۈكىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز، يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى ۋەزىپىگە دۇچ كەلگەن ئەھۋالدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن، بىزنىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل--

پاراستىگە تايىنىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىكى يۈكسەك بىرلىكىنى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى، ھەرىكەتتىكى يۈكسەك بىردەكلىكىنى ساقلىشىمىز ئۆتكەن ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە بىزدىن پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىلگىرىكى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى بىلەن بىر قاتاردا قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلۇۋاتقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقانىكەن، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويمىساقمۇ، خالىغانچە ئىش قىلساقمۇ بولىدۇ، دەپ قاراش پۈتۈنلەي خاتا چۈشەنچە.

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشتا، تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ئېھتىياجغا ئاساسەن بەزى قائىدە-نىزاملارنى تولۇقلاش ياكى تۈزۈپ چىقىش تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا كىرىدۇ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ياخشى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان قائىدە-نىزاملارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشمۇ ئوخشاشلا تۈزۈم قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پارتىيە تۇرمۇشىدا ساقلىنىۋاتقان دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە خىلاپ بەزى ھادىسىلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى، ئاساسلىنىدىغان قائىدە-نىزام بولۇپ تۇرۇغلۇق ئەمەل قىلمىغانلىقتىن يۈز بەرگەن. بۇنى ناھايىتى ياخشى تەتقىق قىلىشىمىزغا، مەسىلىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەكىللەنگەن، ئۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمچە دۇنيا قاراش، مېتودولوگىيىنىڭ پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىغا تەتبىقلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، پارتىيىمىزنىڭ ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ پارتىيە تۇرمۇشى تۈزۈمى جەھەتلەرگە ئىجادىي تەتبىقلىنىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، مېتودولوگىيىنى ھەقىقىي ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرغىلى ۋە ئۇنى توغرا ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق بولمايدىكەن، بىر پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر پارتىيە نىزامنامىسىنى ۋە پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر مىزاننى پىششىق يادلىۋالغان تەقدىردىمۇ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە خىلاپ ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىدىن خالىي بولۇش تەس، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ياخشى

بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم بۇ تۈزۈمنى شەكىللەندۈرگەن ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى ئاساسىنى بىلىش ۋە ئىگىلەش كېرەك.

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇش، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. ئىتتىپاقلىق — كۈچ دېمەكتۇر. ئىتتىپاقلىقتىن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە ئىجادكارلىق كۈچى ھاسىل بولىدۇ. پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى — پارتىيىنىڭ ھاياتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: "پارتىيىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ماركسىزم-لېنىنىزم-ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىق"، "ئىتتىپاقلىق ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە، چوقۇم پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك." دەپ كۆرسەتتى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئىگىمىز، ئومۇمىي ئالغا بېسىش نىشانى ۋە ئاساسىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تونۇشىمىز بىردەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ كاپالىتى بولغاچقا، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىق ئەھۋالى ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا بىرقەدەر ياخشى. ئىگىلىشىمىزچە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىتتىپاقى ياخشى ئىكەن، لېكىن بىر قىسىم رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ماسلىشالماسلىق، ئىتتىپاقسىزلىق ئەھۋالى ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەن. بۇ ئاساسلىقى لۇشيەن جەھەتتىكى ئىختىلاپ بولماستىن، بەلكى بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى بەلگىلەشتە ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش-ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىدا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ تەرتىپى بويىچە ئەستايىدىل ئىش كۆرمىگەنلىكتىن بولغان؛ يەنە بەزىلىرى ئۇششاق-چۈششەك مەسىلىلەردە، ھەق-ناھەق ئۈستىدە تالىشىشتىن بولغان. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شۈبھىسىزكى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىش كېرەك، لېكىن ئەڭ ئاساسلىقى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشقا تايىنىش كېرەك. رەھبىرىي ئورگانلار، مەيلى تارماقلاردا باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويسۇن، مەيلى پارتگۇرۇپپا ( پارتكوم ) يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى ئوينايدىغان تۈزۈلمىنى يولغا قويسۇن، ياكى كومىتېتنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىشنى تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشى بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈلمىنى يولغا قويسۇن، ھەممىسىدە چوقۇم ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، ئىلمىي قائىدىگە ئىگە، كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا قولايلىق بولغان، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە، ئورگان خىزمىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ھەرىكەت قىلىشىغا تۈرتكە بولالايدىغان مېخانىزمنى بەرپا

قىلىش كېرەك.

ئۈۋەتتە، ئۇقتىلىق ھالدا مۇنداق تۆت جەھەتتىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك:
بىرىنچى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىچىدە، شەخسى ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەر چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى بەلگىلەيدىغان ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە ئۇنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مىنىستېر-كومىتېتلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. " بىرىنچى باشلىق" ئۆزى نەمۇنە بولۇپ بېرىشى، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ باشقا ئەزالىرى پارتىيە تۇرمۇشى مىزانىغا ئەمەل قىلىشى ۋە ئۇنى قوغدىشى كېرەك. مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇنى ھەممە بىرگە ئوچۇق مۇھاكىمە قىلىشى، يولداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىردىشىپ ھەل قىلىشى، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى جىددىي ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، پارتكومىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئۈنۈملۈك بولغان نازارەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق-ۋەزىپىسىدىن قالايمىقان پايدىلىنىشتىن ساقلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. نازارەت قىلىشتا ئاۋۋال رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىچىدىكى نازارەتكە تايىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىلىك ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. بارلىق رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ ياچېيكا يىغىنىغا ۋە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتنىشىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنى دېموكراتىك باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە تۇرمۇشىدا، ئاساسلىق رەھبىرىي يولداش نەزەر دائىرىسىنى ئىنتايىن كېڭەيتىشكە، كۆكسى-قارنىنى ئىنتايىن كەڭ تۇتۇشقا تېخىمۇ دىققەت قىلىشى، ھەرقايسى تەرەپكە يول قويالايدىغان، ھەرقايسى تەرەپ بىلەن ئىتتىپاقلىشالايدىغان بولۇشى، كىچىك گۇرۇھ بولۇۋالماسلىقى كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئومۇمىيەتنى تونۇپ، چوڭ ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىشى، شەخسى ئاداۋەت ساقلىماسلىقى ۋە پايدا-زىيان بىلەن ھېسابلاشماسلىقى، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلماسلىقى، پرىنسىپسىز مەسىلىلەردە ئۆز-ئارا يول قويۇشى، ئىدىيە ۋە خىزمەتتە ئۆزئارا ياردەم بېرىشى كېرەك. پۈتكۈل رەھبەرلىك بەنزىسى نازارەتنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشى، مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەدبىر بەلگىلەش، كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدىغان خىزمەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. تۆتىنچى، يەرلىك بىلەن مەركەز، تارماق بىلەن مەركەز، يەرلىك بىلەن يەرلىك، تارماق بىلەن تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، ھەرقايسى تارماقلار مەركەزنىڭ

نوپۇزىنى قوغداش كېرەك؛ پىكىر بولسا تەشكىلىي پرىنسىپ بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇش، باشباشتاقلىق قىلماسلىق كېرەك: ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بەرمەي، مەزھەپچىلىك نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قارايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلماسلىق، بەلكى ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، ئۆز ئارا قوللاش ئاساسىدا ئىشلەش كېرەك. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ” مەركەزلەشتۈرۈشمۇ، دېموكراتىيىمۇ بولغان، ئىنتىزاممۇ، ئەركىنلىكمۇ بولغان، ئىرادە بىرلىكىمۇ، شەخسلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكىمۇ بولغان، ئەشۇنداق بىر خىل جانلىق، تېتىك سىياسىي ۋەزىيەت“نى بەرپا قىلىش كېرەك.

**ئۈچىنچى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش جەھەتتە، يېڭى، روشەن ئىلگىرىلەشلەر بولۇشى كېرەك**

كوممۇنىستلار خەلق ئۈچۈن يېرىم-ياتا ئەمەس، ئارىسالدىلىق بىلەنمۇ ئەمەس، بەلكى جان-دىل بىلەن ئۆمۈرۋايەت خىزمەت قىلىشى كېرەك. نۇرغۇن پاكىتلار بۇنى ئورۇنداشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى ئىسپاتلىدى، لېكىن، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، تۈپ مەقسىتى ۋە كوممۇنىزملىق ئىدىيىسى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرەپلىك نامى بىزنىڭ بۇنى چوقۇم تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان شارائىتتا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئەڭ پايدىلىق شارائىتىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ قولىدىكى ھوقۇقى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئەڭ خەتەرلىكى ۋە ئەڭ ئاسان خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدىغىنى بولسا، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 15 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزدى، خەلق پارتىيىنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى ئومۇمەن ياخشى. لېكىن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدا بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىشتەك چىرىك ھادىسىلەرمۇ پەيدا بولۇپ يامراپ، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى. مەركەز بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى قەتئىي ھەل قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرماقتا ھەمدە بۇنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرماقچى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى جەريانىدا، بىز رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تۇتقاندا، چاكارلىق ئېڭىنى ئاشۇرۇپ، پاك-دىيانەتلىك بولۇشنى ياخشى ئىشلەشنى، بىر خىل گەۋدىلىك تەلەپ دەپ تۇتۇشىمىز كېرەك.

بۇ يەردىكى بىر يادرولۇق مەسىلە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كالللىسىدا ماركسىزملىق ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەرنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ئۇلارنى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرىدىغان قىلىش. يولداش ماۋزېدۇڭ تەشەببۇس قىلغاندەك، ھەممىدە خەلق مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىپ، خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن-كەل-مىگەنلىكىنى سۆز ۋە ھەرىكىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالى ئۆلچىمى قىلىشىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ بويىچە، خەلقنىڭ ھىمايە قىلىش-قىلماسلىقىنى، قولللاش-قولللىماسلىقىنى، خوشال بولۇش-بولماسلىقىنى، ماقۇل كۆرۈش-كۆرمەسلىكىنى مەسىلە ئوي-لاش، ئىش بېجىرىش، خىزمەت ئىشلىشىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە پاناھى قىلىشىمىزلا-زىم. رېئال تۇرمۇشتىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئۆزىگە مۇشۇنداق تەلەپ قويىدۇ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئىشلەيدۇ. لېكىن بۇنداق قىلمايدىغان ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلارمۇ بار. رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيە-ۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تۇتقاندا، مۇشۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىشىمىز، بەزى يولداشلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك، راھەت-پەرەسلىكىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ ئايرىم يولداشلار-نىڭ نام تالىشىش، مەنپەئەت تالىشىش، ئورۇن تالىشىش، ھوقۇق تالىشىشتەك مەسىلىلىرى-نى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. ئىدىيە جەھەتتىكى بۇنداق ۋىرۇسلار، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەجەللىك ئاجىزلىقتۇر. ئەگەر ئۇ مەيلىگە قويۇۋېتىل-سە، كادىرلارنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ، ئورگانلارنىڭ كەيپىياتىنى بۇزىدۇ. ئىتتىپاقلىققا ئېغىر زىيان سالىدۇ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش بىلەن پاك-دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. كونك-رېت خىزمەتتە، ئالدى بىلەن قولدىكى ھوقۇقنى قەدىرلەش، ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەلۇم ھوقۇق ئىگەللىشى، ۋەزىپىنى ئورۇنلاش-خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ زۆرۈر شەرتى. لېكىن ھوقۇق يۈرگۈزگەندە، چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇشى، قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىقتىن، خىزمەتتە خاتالىشىشتىن قەتئىي ساقلىنىشى كېرەك. مەر-كەزگە جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلققە جاۋابكار بولۇشتا بىردەك بولۇشى، پاك-دىيانەتلىك بولۇش بىلەن تىرىشچان بولۇشتا بىردەك بولۇشى، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش، ئومۇ-مىيلىققا بويسۇنۇش بىلەن خىزمەتلەرنى ئىجادىي ئىشلەشتە بىردەك بولۇشى، ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-شىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئىمكانقەدەر دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئەڭ زور مەنپەئەت يەتكۈزۈشى

لازىم. يەنە بىرسى، باشلامچىلىق بىلەن جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، پاك بولۇش-ئۆزىنى تۇتۇش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، پاك بولۇش، ئۆزىنى تۇتۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشىنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغانىدى. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ماددىي ئاساسى تېخى ناھايىتى ئاجىز، 80 مىليون ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى تېخى ئۈزۈل-كېسىل ھەل بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۆۋەتتە ئىقتىسادىي مۇھىت جىددىي بولۇشقا يۈزلىنىۋاتقان شارائىتتا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئالغا-سىلجىۋاتىدۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش-تىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى ساقلىشىنى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەشەمەتچىلىك قىلىش، سۆلەتۋازلىق قىلىش، بەتخەجلىك قىلىپ، كەيپ-ساپاغا بېرىلىش، ئىسراپخورلۇق قىلىش پەسكەش ھەۋەس، ناچار كەيپىيات بولۇپ، چوقۇم قەتئىي تۈگىتىلىشى كېرەك. قەدىمقى زاماندا ” ئاۋۋال خەلقنى ئويلاپ، ئاندىن ئۆزىنى ئويلايدىغان “ كۆكسى-قارىنى كەڭ تەرەققىيپەرۋەر ئەمەلدارلار بولغان ئىكەن، بىز كوممۇنىستلار ئۇلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى ئىدىيىۋى يۈكسەكلىككە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. يەنە بىرسى رەھبىرىي يولداشلار يەرلىك ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى يولداشلارنىڭ تەنقىدىگە ۋە ساداسىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئورگان قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشى، ياخشى بىر قوشۇننى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار پاك بولۇش-ئۆزىنى تۇتۇشتىلا باشلامچى بولۇپ قالماي، يەنە ئۆز تارمىقى ئۆز سىستېمىسىنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنىمۇ ياخشى تۇتۇشى، كەسىپ جەھەتتىكى ناتوغرا كەيپىياتنى قەتئىي تۈزىتىش، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ” ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىش “ ، ” پۇل ۋە نەرسە-كېرەك بەرمىسە ئىش بېجىرمەيدىغان، پۇل ۋە نەرسە-كېرەك بەرگەندىن كېيىن قالايمىقان ئىش بېجىرىدىغان “ ھادىسىلەرنى چەكلىشى كېرەك.

## تۆتىنچى، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش جەھەتتە، يېڭى، روشەن ئىلگىرىلەشلەر بولۇشى كېرەك

ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، سىستېمىلىق ھالدا ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى، سىياسىي لۇشيەنى، تەشكىلىي لۇشيەنىنى توغرا ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم يولى، بيۇروكراتلىق-سۇبيېكتىپچىلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، ئىلمىي رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىكى يولداشلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ۋە ئاممىا ئارىسىغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشىنى

قايتا-قايتا تەلەپ قىلدى. بۇلتۇر، ئۇ يەنە ئېنىق هالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى " ئىش
ئويلاشنىڭ ئاساسى، ئىش پۈتتۈرۈشنىڭ يولى " دەپ كۆرسىتىپ، پۈتۈن پارتىيىنى تەكشۈ-
رۈش-تەتقىق قىلىش كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا چاقىردى. بۇ جەھەتتە بىزدە ئىلگىرىلەش-
لەر بولدى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مۇھىم تەدبىر بەلگىلىمىلەر ئەكىلىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى
بىر قەدەر ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللەندى. مەركەزنىڭ تەدبىرلى-
رىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۆز تارمىقى ئۆز سىستېمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك
قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىمۇ، كۆپلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. نۆۋەتتە
كونا تۈزۈلمىنى يېڭى تۈزۈلمىگە ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش داۋامىدا، يېڭى ئەھۋال، يېڭى
مەسىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ
ئۆزگىرىۋاتقان ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىن ھەقىقىي ئەھۋالغا ئىگە بولۇش، ھەرخىل مۇرەككەپ
زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا توغرا قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈش، ھەرگىز ئاسانغا
چۈشمەيدۇ. بىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيە-
ۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشىمىز، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا يولۇق-
قان يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل
قىلىشىمىز، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە رەھبەرلىكى بولغان،
پىلانلىق ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى رەھبەرلىك ئىستىلى ۋە ئورگان
ئىستىلىنى ياخشىلاشنىڭ ئاساسىي ھالقىسى قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشىمىز
لازىم.

يەنە نۇقتىلىق تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى
مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك. نۆۋەتتىكى ئاساسىي مەقسەت ئىسلاھات، تەرەققى-
يات، مۇقىملىقتا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.
مەسىلە ھەل قىلىنمايدىغان تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. بۇ، رەھبىرىي
يولداشلىرىمىزنىڭ باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى-
نى، ئۆز ئارا ئالاقىسى بولغان ئىككى تەرەپنىڭ قاتلىمى جەھەتتىن كۆپرەك كۈچ سەرپ
قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىرىنچىسى، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈشى، ئاسا-
سىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشى كېرەك، يېزىغا بارغاندا
كەنت ئائىلىلەرگىچە بېرىشى، زاۋۇتقا بارغاندا سېخ، بەن-گۇرۇپپىلارغىچە بېرىشى، مەكتەپ-
لەرگە بارغاندا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغىچە بېرىشى لازىم. ئاساسىي قاتلام كادىر-
لىرى ۋە ئاممىدىن سەمىمىيەتلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ساداسىنى كۆڭۈل
قويۇپ ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبە ۋە ئىجادىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، كۆپلەپ بىرىنچى قول

ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىسى، مۇشۇ ئاساستا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە چوڭقۇر چۈشىنىپ، شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە شەيئىلەرنى بىلىشى كېرەك. بۇ ناچىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخشىسىنى ئىلغۇۋالىدىغان، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قالىدىغان، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئۆتىدىغان، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىدىغان جاپا-مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش جەريانىدۇر. بۇ ئىككى تەرەپ ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئارا چوڭقۇر بىرلەشسە، بىزنىڭ پىلان تۈزۈش، سىياسەت بەلگىلەش، لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، چارە تېپىش ئىشلىرىمىز، ئاندىن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى توغرا تونۇش ئاساسىدا بولغان بولىدۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە، ئورگانلارنىڭ خىزمەت سەۋىيىسى ۋە ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، زور خاتالىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئاخىرىدا، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالماقچىمەن، بۇنىڭدا ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىشى، پۈتۈن رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئەزالارنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ، پۇختىلىق بىلەن ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا يېتەكلىشى لازىم. رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كەسپىي خىزمەتنى تۇتۇش بىلەن ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئىلگىرىلىشى ئارقىلىق، پۈتۈن ئورگاننىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشى، ھەممە ئورگان قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى، ئالدى بىلەن ئۆز دەرىجىدىكىسىنى تۇتۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە يېتەكلىشى لازىم. خىزمەتلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇشى، بىخ ھالىتىدىلا تۇتۇشى، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇشى، يۈرەكلىك تۇتۇپ، يۈرەكلىك باشقۇرۇشى، يامانلارغا تېگىشكە جۈرئەت قىلىشى، زىددىيەتتىن قاچماسلىقى ۋە ئۇنى ياپماسلىقى لازىم. رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە خىزمەت قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كەسپىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىنجان**
**تەلئەت ئىبراھىم**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

# جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى، ئەشۇنى قىلايلى، ئەتقىق قىلايلى*

دىڭ گۇەنگېن

بۇ يىل مەملىكەتلىك تەشۇىقات-ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا، يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئازادلىق ئارمىيە دۆلەت مۇداپىئە داشۆسى ۋە شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان بەش بازا قۇرۇشنى جاكارلىغانىدى. يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بەش بازا ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، خىزمەتلەر پائال قانات يايدۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن بىرىنچى قېتىملىق بازا خىزمىتى ئالماشتۇرۇش يىغىنى بولدى. يىغىندا، كۆپچىلىك ناھايىتى ياخشى پىكىرلەرنى بايان قىلىپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، ئەھۋال ئالماشتۇردى، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى. كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە بىرلەشتۇرۇپ، تۆت نۇقتىدىن پىكىر قىلىپ ئۆتىمەن:

1. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىينى قوراللاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيەمىزنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلغانلىقى بولدى. بۇ نەزەرىيە ماركس-

* بۇ —— يولداش دىڭ گۇەنگېننىڭ 7-ئاينىڭ 19-كۈنى جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش بازىسى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

سىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھەرى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى. بۇ نەزەرىيە بىرىنچى قېتىم بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا جۇڭگوغا ئوخشاش بۇنداق ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتەك بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب بەردى. دەل مۇشۇ ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز راۋاجلاندى. سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي كۈچى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاشتى، ئېلىمىز خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ نەزەرىيە ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئۇلۇغ تۇغى، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنى روناق تاپقۇزۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۈچلۈك مەنىۋى تۈۋرۈكى، پارتىيە ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىدۇر. ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرغانلىق ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي تۇردە چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىق بولىدۇ.

بۇ نەزەرىيە نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاسانغا توختىمىدى. پارتىيىمىز يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا چىدامىلىق ۋە سۇباتلىق ھالدا نەزەرىيە جەھەتتە ئىزدەندى، مەۋقەنى جۇڭگوغا قويدى، دۇنياغىمۇ يۈزلەندى، رېئاللىققا توغرا قارىدى، كەلگۈسىگىمۇ نەزەر سالدى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلدى، كونا قائىدىلەرنىمۇ بۆسۈپ ئۆتتى، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ۋە مىللەتنىڭ ئارزۇسىغا بىرلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنيانىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىدىكى مەنىۋى نەتىجىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. بۇ نەزەرىيە ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي خۇلاسىسىنىڭ نەتىجىسى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي خۇلاسىسىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا خەلقئارا مۇھىت ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ

بېرىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى، ئۇ جۇڭگو-چە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك زور تۆھپە قوشتى. ئۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ئاممىغا ھۆرمەت قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر بولۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كەڭ تۇتۇپ، غايەت زور سىياسىي جاسارىتى ۋە نەزەرىيە جاسارىتى بىلەن ئىجادچانلىققا ئىگە بىر قاتار يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاددىي چۈشىنىشلىك تىل بىلەن چوڭقۇر ئىدىيىۋى پەلسەپە قائىدىلىرىنى شەرھلىدى، ئۆز-ئارا باغلانغان، بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن ستراتېگىيىلىك ئىدىيە ۋە نەزەرىيىۋى قاراش بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا يېڭى مەنزىلگە كىرگۈزدى، يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى.

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى پۈتۈن پارتىيىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشنى ئېنىق بەلگىلىدى، پارتىيىمىزنىڭ "ماركسىزم-لېنىنىزم"، "ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى" دەپ يېزىلغان تۇغىغا "يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى" دەپمۇ يېزىلدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەش ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. بۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئەمەلىيەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم تەدبىرى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100 يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. "ئاساسىي لۇشيەن 100 يىلغىچە دەۋر سۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ" دېگەن ئىدىيە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىر تۇتاش ئىگەللىيدىغان، يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سالغان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ستراتېگىيىلىك ئىدىيە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئىدىيە جەھەتتە قەتئىي ئىشەنگەندىلا، سىياسىي جەھەتتە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لوشيەنىدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان بولغىلى بولىدۇ. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ

بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى قارارىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى بۇ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ۋە قەتئىيلىكىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

## 2. نۆۋەتتىكى نەزەرىيە خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇش كېرەك

14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى بولۇپ كەلدى. نەزەرىيە خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ئومۇمىي ۋەزىيەت بىلەن زىچ باغلانغان هالدا ياخشى بولۇپ كەلدى.

بىرىنچى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ تۈپ قىبلىنامىسىغا ئايلاندى. بارغانسېرى كۆپ يولداشلار شۇنى تونۇپ يەتتىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ناهايىتى كۈچلۈك رېئاللىققا، ناهايىتى كۈچلۈك نەزەرىيىۋىلىككە ئىگە بولدى، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ۋە بىر پۈتۈن تونۇش، بىزنىڭ غەلىبە بىلەن ئالغا بېسىشىمىزنىڭ ئىلمىي قىبلىنامىسى.

ئىككىنچى ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىش دولقۇنى ئەۋج ئالماقتا ۋە راۋاجلانماقتا. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، مەركەزنىڭ قارارىغا بىنائەن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە تۆت قارار ئۆلكە-مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىلدى، جەمئىي 175 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئۆگىنىشكە قاتناشتى. مەملىكەت بويىچە ناھىيە ( باشقارما ) دىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىيۈزلۈك كۇرسقا قاتناشتى. كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتەك يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

ئۈچىنچى، نەزەرىيە تەشۋىقاتى توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى. گېزىت-ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزور قاتارلىق ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە تەشۋىقاتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭراتتى. بەزى ماقالىلەرنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، بۇ ماقالىلەر چوڭقۇرلۇققا ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

تۆتىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش قوشۇنى پەيدىن-

پەي كېڭەيدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيىنىڭ نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى پائال تۈردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئاتلاندى. بەش نەزەرىيە تەتقىقات بازىسىدا خېلى بىر تۈركۈم قابىل تايانچ كۈچلەر بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلەردە ئارقا-ئارقىدىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تەتقىقاتى مەركىزى، تەتقىقات گۇرۇپپىسى ياكى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش قوشۇنىنىڭ تەشكىللىنىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ نەزەرىيە ساھەسىدىكى بىر چوڭ ئىش.

بەشىنچى، نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى رولى بارغانسېرى روشەنلەشتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانىنىڭ بەلگىلىنىشى، ئاساسىي رامكىنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ ئىسلاھاتتا نۇقتىلىق بۆسۈش بولغان ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە ئالغا سىلجىغانغىچە، ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“قا بولغان تونۇشنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن تارتىپ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچىنىڭ ئاشقانلىقىغىچە، ” پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش “ دېگەن ئومۇمىيلىقنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن تارتىپ پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمیۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ۋە تەتبىقلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

نەزەرىيە خىزمىتى ۋەزىيىتىنىڭ ياخشى بولۇشىدا مۇنداق مۇھىم ئىككى سەۋەب بار: بىرىسى، بۇ نەزەرىيە كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە، جەلب قىلىش، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە، يەنە بىرىسى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى كۈچلۈك بولدى. جياڭ زېمىن قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئۆزى بىۋاسىتە تۇتتى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئەھمىيەت بەردى. ھازىر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى كۈنسايىن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا، بىز بۇ ياخشى ۋەزىيەتنى ئىنتايىن قەدىرلەيمىز ۋە مۇستەھكەملەپ راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئەڭ مۇھىمى، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ نەزەرىيىنى

پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشىمىز لازىم. چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاڭلىقلىقنى ئاشۇرۇپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش جەھەتتە ئوبدان كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

( 1 ) «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ ئۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇ نەزەرىيىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىشىمىز، روھىي ماھىيىتىنى ئىگەللىشىمىز ھەمدە بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى ئىگەللىشىمىز، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىگىلەللىشىمىز لازىم.

( 2 ) سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن بۇ ئاساسىي مەسىلىنى چىڭ تۇتقان ھالدا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ توغرىلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىشىمىز لازىم.

( 3 ) ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى چىڭ تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، مەسىلىلەرنى بىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزدىكى ئىدىيىۋى ئاساس قىلىشىمىز لازىم.

( 4 ) نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، ئىجادكارلىق بىلەن ئىشلىشىمىز، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇرچۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم.

## 3. نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسى قۇرۇشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى

بەش نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسى قۇرۇشتىن مەقسەت، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى زىممەمىزگە ئېلىپ، پۈتۈن پارتىيىنى بۇ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي

لۇشيەنىدە 100 يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىمىزنى 21-ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈپ، يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن ياخشى قۇرۇشىمىز لازىم.

بىرىنچى، نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنى قۇرۇش پۈتۈن پارتىيىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىردۇر. نەزەرىيىنى ئۆگىنىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا داۋاملاشتۇرۇلۇشى لازىم. قايتا-قايتا ئۆگىنىش، ئۈزلۈكسىز تۇردە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش كېرەك. ئۆگىنىش ئاساسىدا ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا چوڭقۇر ئۆگىنىش كېرەك. بەش نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قۇردۇق. بۇ بازىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ھەر تەرەپلىمە، سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىپ، بۇ نەزەرىيىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى ۋە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن ئېنىق، جانلىق شەرھلەپ بېرىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بۇ نەزەرىيىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىگە ياردەم قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنى قۇرۇش نەزەرىيىچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر. ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە موھتاج، ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان كۆپ پەنلىك مۇتەخەسسىسلەر قوشۇنىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. بەش نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنى قۇرۇشنىڭ نەزەرىيىچىلەر قوشۇنىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشقا سېلىشقا ياردىمى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنى قۇرۇش نەزەرىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىدۇر. بەش نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسى يۇقىرى، تەتقىقات كۈچى زور. بۇ بازىلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش رولى ۋە رادىئاتسىيىلەش رولى ئارقىلىق پۈتكۈل نەزەرىيە خىزمىتىنى ئالغا سۈرگىلى، ھەر تەرەپتىكى نەزەرىيىچىلەر قوشۇنلىرىنىڭ تەتقىقاتىنى يېتەكلىگىلى بولىدۇ. مۇۋاپىق پەيتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بويىچە تەتقىقات بازىسىدىن يەنە بىر نەچچىنى قۇرىمىز، نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنى ئايرىم-ئايرىم نۇقتىلاردىن ئومۇمىي دائىرىگە كېڭەيتىپ، تور قىلىپ شەكىللەندۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشقا ئاساس سالىمىز.

## 4. نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنى تىرىشىپ ئوبدان قۇرۇشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

يولداش جياڭ زېمىن يىل بېشىدا مەملىكەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ” جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان بەش تەتقىقات بازىسى تايانچلىق رولىنى ئوينىشى، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتىكى چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى، تەتقىقات تېمىلىرىنى بەلگىلەپ چىقىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىر قەدەر يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلىپ چىقىشى لازىم. “ بۇ سۆزدە بەش نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنىڭ رولى، ۋەزىپىسى ۋە نىشانى كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنى ئەمەلىي خىزمەتتە چوقۇم ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

1 ) تېمىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. تەتقىقات خىزمىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ تېمىنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان 1-، 2-توملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ھەمدە بۇ ئۈچ تومنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرۈش لازىم. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى تارىخىي تەجرىبە ۋە رېئال تەجرىبىلەرگە، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ نەزەرىيىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەككى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم ئىدىيىلىرى كونكرېت شەرھلەنسۇن ۋە تولۇق نامايان قىلىنسۇن.

2 ) ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيە-نەزەرىيە خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىملىرىمىزدىن ” چوقۇم كەسىپكە، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ئۆزگىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ بىلىش، قۇرۇق گەپ سېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش “نى تەلەپ قىلغان. ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك، رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان ھالدا قۇرۇقتىن-قۇرۇق نەزەرىيە توقۇشتىن، ئەمەلىي خىزمەت بىلەن ھېسابلاشماي قەغەز يۈزىدە قۇرۇق گەپ سېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ،

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر كۆرۈشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىش، سىياسەتكە دائىر تەكلىپلەر بىلەن، تولۇقلاش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن قوللاش كېرەك؛ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئامما گۇمانلىنىۋاتقان، چۈشەنمەيۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش لازىم؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ ئىدىيە سەۋىيىسى ۋە خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش لازىم. ھەرقايسى نەزەرىيە تەتقىقات بازىلىرى تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش تېمىلىرى پىلانىنى ئوبدان تۈزۈپ چىقىپ، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم.

3 ) زىچ ھەمكارلىشىش كېرەك. ھەرقايسى نەزەرىيە تەتقىقات بازىلىرى ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالاقىنى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىپ، پۈتكۈل تەتقىقات خىزمىتىدە بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، بىر-بىرىنى چاقنىتىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشى لازىم. بىرلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ، ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ زور قىممىتى بار بىر تۈركۈم تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىخلاس بىلەن لايىھىلەپ چىقىپ، كوللېكتىپ ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا بولىدۇ.

4 ) كۆپرەك نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىش كېرەك. بۇ——نەزەرىيە تەتقىقات بازىسىنىڭ خىزمەت نىشانى. نادىر ئەسەر دېگەنلىك ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ئەمەلىيەتچىلىك جەھەتلەردە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن تەتقىقات نەتىجىلىرى دېگەنلىكتۇر. ھەرقايسى نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىلىرى مۇھىم نۇقتىنى نەزەرىيە قۇرۇلۇشىغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجابىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، پۇختا ئىشلەپ نادىر نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى، پارتىيە ۋە خەلق ئېھتىياجلىق بولغان نەزەرىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى لازىم.

5 ) ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپرەك يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملار نەزەرىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىش بىلەن ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ، ئۇلارنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. زور كۈچ بىلەن ئىختىساسلىق خادىملارنى، بولۇپمۇ ئەسىر ئاتلايدىغان ياش نەزەرىيىچى خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئېلىمىزنىڭ قىياپىتىگە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىللىغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. بەش نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنىڭ نەزەرىيىچىلەر قوشۇنىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇزاقتىن بۇيان نەزەرىيە تەتقىقاتى

خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن يولداشلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان قابىلىيەتلىك ياش، ئوتتۇرا ياشلىق نەزەرىيىچى خادىملارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلغۇچىلار قوشۇنىغا جەلپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كارامىتىنى ئىشقا سېلىشى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى يېتىلىپ چىقىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. بەش نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى ئۆلچەشتە، كۆپرەك ئۇلارنىڭ ئېتىقادى چىڭ، ئىدىيىسى ئۆتكۈر، بىلىمى مول بولغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئىگەللىگەن ھەم بۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلىيالايدىغان زور بىر تۈركۈم نەزەرىيىچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان-چىقارمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئالاھىدە تۆھپە قوشقان نەزەرىيىچى خادىملارنى مۇكاپاتلاش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979-يىلila: " ھەقىقەتەن ياخشى ئەسەرنى يېزىپ چىققانلارغا، باھالاش ئارقىلىق، پارتىيە ۋە دۆلەت تەرىپىدىن پۇل مۇكاپاتى بېرىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئاددىيدەك كۆرۈنگەن، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى جاپالىق بولغان بۇ خىزمەتكە تېگىشلىك شۆھرەت بېرىلىشى كېرەك " دەپ تەكلىپ بەرگەنىدى، بىز بۇ ئىشنى ئوبدان قىلىشىمىز لازىم.

6 ) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى بازىلارنىڭ پارتكوملىرى ( پارتگورۇپپىلىرى ) نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىسىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەمەلىي خىزمەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بېرىشى لازىم. ھەرقايسى نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۈپ قىبلىنامە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش مەسىلىسىدە ئېنىق پوزىتسىيە تۇتۇشى، نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ئوبدان ئىگەللىشى لازىم؛ كونكرېت ئىلمىي مەسىلىدە " بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش " فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەتقىقات خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى، قەرەللىك ھالدا تەتقىقات تېمىلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلىشى، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەشكە، ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: " 90-يىللاردا، بىز يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش

كۆزلەنگەن ئىككىنچى قەدەمدىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. يەنە 20 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغان چاغدا ھەرقايسى جەھەتلەردە تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ۋە تېخىمۇ قېلىپلاشقان بىر يۈرۈش تۈزۈمەلەرنى بارلىققا كەلتۈرىمىز، مۇشۇ ئاساستا، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا يەنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغان چاغدا، ئۈچىنچى قەدەمدىكى تەرەققىيات نىشانىغا يېتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرىمىز.»

مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، نەزەرىيە خىزمىتىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن كۈچلۈك مەدەت بېرىشى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشى جىددىي زۆرۈر، نەزەرىيىچى خادىملارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت ئالىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. نەزەرىيە سېپى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى بازىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، مەنزىل يىراق، ئۇلارنىڭ ئالدىدا نى-نى ئىشلار تۇرۇپتۇ. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، پۇختا ئىشلەپ، مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ پۈتۈن پارتىيىگە ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە پۈتۈن پارتىيىگە مەنىۋى جەھەتتىن تۈرتكە بولۇشتىكى ئۇلۇغ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: تەلئەت ئىبراھىم**
**ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

# ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش ۋە مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش ھەققىدە

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

بىز ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زۆرۈر مەۋھۇم ئىشلارغىمۇ سەل قارىماسلىقىنى تەشەببۇس قىلىمىز. چۈنكى، بۇ رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيەمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە خىزمەتنىڭ ئومۇمىيلىقى توغرىسىدىكى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى.

ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنىڭ يادروسى «ئەمەلىي ئىشلەش» . ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ پارتىيىمىزنىڭ كادىرلىرى، بولۇپمۇ ھەردەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلىرىنىڭ ھازىرلىشىغا تېگىشلىك ئاساسىي ماھارەت. ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن كادىر پارتىيىمىز ئېھتىياجلىق بولغان ياخشى كادىر بولالمايدۇ.

پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ، چۈنكى، پارتىيىمىزنىڭ تەشەببۇسىنى ھەردەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلىشىگە تايانغاندىلا، ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلىمىگەندە، ھەرقانداق ئالىي غايە، ئۇلۇغۋار پىلان، ئىلمىي تەدبىرلەرمۇ رېئاللىققا ئايلىنالمايدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ” پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش “ تىن ئىبارەت خىزمەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن؛ كۆپلەپ كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە، نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەستايىدىل تۇتماي، پۇختا ئىشلىمەي تۇرۇپ بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرمەي، ئولتۇرۇۋېلىپ نەزەرىيە سېتىپ،

قۇرۇق خىياللارغا پاتقاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

ھازىر، كادىرلار قوشۇنىمىزدا بېزە بولسىمۇ ئىش قىلىشنى زادىلا خالىمايدىغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كادىرلار ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلىدە ئاز-تولا شانلىق مۇۋەپپەقىيەت قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تۇتقان يولى ئوخشاش ئەمەس، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئومۇمەن مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىر خىل كىشلەر پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، كۈچىنى ئەمەلىي ئىشقا ئىشلىتىدۇ، ئىسلاھاتنىمۇ، تەرەققىياتنىمۇ ھەقىقىي ئاقىدىغان چارە ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق ئالغا سۈرىدۇ. بۇ يولنى تۇتقانلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە بىر خىل كىشلەر پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىمىز، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز، تەرەققىياتنى تېزلىتىمىز دېگەن سۆزلەرنى ئېغىزدىن چۈشۈرمىسىمۇ، لېكىن، گەپنى كۆپ قىلىدۇ، ئىشنى ئاز قىلىدۇ، كۈچىنى ئىشلىتىدىغان يەرگە ئىشلەتمەيدۇ، ئاما ئارىسىغا بېرىپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ۋە ھەقىقىي ھەل قىلىشقا قىزىقمايدۇ، زېھنىنى شەكىلۋازلىق قىلىش، رەسمىيەتچىلىك قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ، ھەتتا يىغىننىمۇ، تۈۋەننىمۇ ئالداپ، ساختىپەزلىك قىلىدۇ. بۇ يولنى تۇتقانلار ئاز سانلىق. بىز ئالدىنقى خىلدىكىلەرنىڭ ئىشىنى ياقلايمىز، كېيىنكى خىلدىكىلەرنىڭ ئىشىغا قارشى تۇرىمىز، بۇنىڭدىكى داۋلى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇملۇق. ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلىگەندىلا، چىن نەتىجە يارىتقىلى، پارتىيە ۋە خەلققە ھەقىقىي تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ؛ سۆزلەپلا قويۇپ ئىشلىمىگەندە، نەتىجە ئاسماندىن ئۆزى چۈشۈپ قالمايدۇ، ساختىپەزلىك قىلىش، رەسمىيەتچىلىك قىلىش بىلەن پەدەزلەنگەن ئاتالمىش نەتىجە ساختا ۋە سىناقتىن ئۆتەلمەيدىغان نەرسە بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلققە زىيىنىلا باركى، قىلچە پايدىسى يوق، بۇنداقلار ئالدامچىلىق بىلەن بىردەملىك شۆھرەتكە ئېرىشكىنى ھەتتا بۇ شۆھرەتنى ئارقىلىق ئۆستۈرۈلگىنى بىلەن، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە پاكىتلار ئۇلارنىڭ بۇ ئاتالمىش نەتىجىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇ ئىككى خىل يول ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل خىزمەت پوزىتسىيىسى ۋە ئىدىيىۋى ئىستىلنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئالدىنقىسى سەممىي، ئىلمىي پوزىتسىيە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى ئىستىل بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى، ئۆزىگە جاۋابكار بولغانلىقىنىڭمۇ ئىپادىسى؛ كېيىنكىسى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا خىلاپ بولۇپ، شەخسىنىڭ نام-مەنپەئەتىنى دەپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئويناشتىن يانمايدىغان ئۆچىغا چىققان سەممىيەت-

سىز پوزىتسىيىدۇر، پارتىيىۋىلىكنىڭ ساپ بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە تىكلىگەن يولداشلارنىڭ تاللىۋالىدىغان توغرا يولى ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، يولداش جياڭ زېمىن تەلەپ قىلغاندەك: ” ئەمەلىي ئىشلەش جەھەتتە ھەقىقىي ئىشلەش، جاپاغا چىداپ ئىشلەش، چىداملىق بىلەن ئىشلەش “ كېرەك.

بىزنىڭ ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنى تەكىتلىگەنلىكىمىز، ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش بىلەنلا كۇپايە قىلىدۇ، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشنىڭ زادىلا زۆرۈرىيىتى يوق، دېگەنلىك ئەمەس. رەھبىرىي كادىرلار ھەم ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشى، ھەم مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشى كېرەك. ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەۋھۇم ئىشلارنىمۇ دائىم تۇتۇشنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە زور پايدىسى بار.

ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنىمۇ تەكىتلەش، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش ئىسمى بار، جىسمى يوق ئىشلارنى قىلىش تۇتۇشنىمۇ تەشەببۇس قىلىش بىر-بىرىگە زىت ئەمەس. بىز تەشەببۇس قىلىدىغان مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش ئىسمى بار، جىسمى يوق ئىشلارنى قىلىش ئەمەس، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا قۇرۇق گەپ سېتىشمۇ ئەمەس. چىرايلىق گەپ سېتىش ئۈچۈنلا سۆزلەپ قويۇش، قىلغان گېپىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش خىيالىدا بولماسلىق، پو ئېتىش، لاپ ئۇرۇش، شوئارلا تۇۋلاش، ساختا غەيرەتكە كەلتۈرۈش، دەرۋەقە، ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتقانلىق ئەمەس، ئوخشاشلا ئۇنى مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتقانلىق دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش دېگەنلىك، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، مەلۇم بىر مەسىلىنى سىياسىي، ئىدىيەۋى، نەزەرىيىۋى جەھەتلەردىن مۇھاكىمە قىلىش دېگەنلىكتۇر؛ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋەزىيەتنى كۆزىتىش، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، نەزەرىيىنى مۇھاكىمە قىلىش، تەدبىر تۈزۈش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، كەلگۈسىنى پىلانلاش ۋە ھاكازالارنى مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش ئەمەلىي جەڭ قىلغانلىق دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش ئۇرۇش پىلانىنى تۈزگەنلىك بولىدۇ. ئالدىنقىسى ئەمەلىي ھەرىكەتتە كۆرۈلىدىغان نەرسە بولۇپ، ماددىي پائالىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، كېيىنكىسى تەپەككۇر پائالىيىتىدە كۆرۈلىدىغان نەرسە بولۇپ، مەنىۋى پائالىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش ئىشلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش نېمىنى قىلىش ۋە قانداق قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. ئىككىسى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىدىغان دىئالېكتىك بىرلىكتۇر، بۇنى ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنىڭ بىرلىكى، ماددا بىلەن روھنىڭ بىرلىكى دەپ يىغىنچاقلاشقىمۇ بولىدۇ، ئۇلار پۈتكۈل رەھبەرلىك پائالىيىتىدە بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش مەۋھۇم ئىشلار-

• ئىزدىنىش ( تاللانما )

نى تونۇشتىن ئايرىلالمايدۇ مەۋھۇم ئىشلارنى تونۇشتىن مەقسەت ئەمەلىي ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى تونۇش. مەۋھۇم ئىشلارنى تونۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، مەۋھۇم ئىشلارنى تونۇشقا ماھىر بولۇش ئوخشاشلا رەھبىرىي كادىرلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي ماھارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئەمەلىي ئىشلارنى تونۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، دەرۋەقە، يارىمايدۇ. مەۋھۇم ئىشلارنى تونۇشقا دىققەت قىلماسلىققا ئوخشاشلا بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە خىزمەت ئومۇمىيلىقىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش، ئۇنداق قىلماي، بۇنداق قىلىش لازىملىقىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسىنى بىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئاڭلىقلىق ئاساسىدا ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ، باشقىچە بىر نەرسە بولۇپ كەتمەيدۇ. بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردا، پۇقرالار: مەركەزنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى ناھايىتى ياخشى، ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردىكى "راھىب"لار "سۇترا"نى ياخشى ئوقۇيالمايۋاتىدۇ، دەپ ئىنكاس قىلىشقان. سۇترانى قەستەن بۇزۇپ ئوقۇغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىكى، كۆپىنچە، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ھەقىقىي ئۆگىنىۋالالمىغانلىقى ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋالالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەن. ھالبۇكى، مۇشۇ ئۆگىنىۋېلىش، ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش مەسىلىسى دەل مەۋھۇم ئىشلارنى تونۇش جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە خىزمەت ئومۇمىيلىقى كونكرېت ئەمەلىيەتتىن ئابستراكسىيىلەپ چىقىلغان ئومۇمىي پرىنسىپلار بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە، ئۇنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋاقتىدا، ئۇنى يەنە جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، دۇچ كېلىدىغان ئەمەلىي مەسىلە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىمۇ ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، ھەر جاينىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ئالاھىدىلىكلىرى بار، ئۆزىگە چۈشلۇق ئۈستۈنلۈكى ۋە يېتەرسىزلىكى بار. ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى باھانە-سەۋەب قىلىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئۆز ئېھتىياجلىرىغا قاراپ قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ دىتىغا ياققانلىرىنى ئىجرا قىلىش، ياقمىغانلىرىنى ئىجرا قىلماي تۇرۇۋېلىش، ياكى "يۇقىرىنىڭ سىياسىتى بولسا، تۆۋەننىڭ قارشى تەدبىرى بار" دېگەن نېمە بويىچە ئىش قىلىش، ئەلۋەتتە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىك بولمايدۇ، بۇنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئۇسۇ-

لى ۋە تەدبىرلىرىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويماي، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزۈش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، ھۆججەتنى ئۆز ئەينى ئوقۇپلا بېرىپ، خىزمەتنى قىلچە ئىجادىي ئىشلىمەسلىكمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىك بولمايدۇ، بۇنىمۇ تۈزىتىش لازىم. ۋاقىت چىقىرىپ دائىم مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇپ، ئۆزجايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي تەدبىر كۆرگەن ۋە بۇ ئاساستا ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلىگەندىلا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە خىزمەت ئومۇمىيلىقىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، بىز پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈش مەزگىلىدە تۇرماقتىمىز، ئىسلاھات نۇقتىلىق بوسۇش بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىردى. بۇ قاتتىق جەڭنى ياخشى قىلىش رەھبىرىي كادىرلىرىمىزدىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، مانا بۇ مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ. ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ئىگىلەيدۇ. بۇرۇن بىز ئۇزاقىچە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا ياشىغانلىقىمىز ۋە خىزمەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇنداق تۈزۈلمىگە ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش ئىدىيە، قاراش ۋە ئادەتكە ئايلانغان چارىلەر شەكىللەنگەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىدىيىدە ئازاد بولمىغاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىدىيە ۋە قاراشلارنى تۇرغۇزمىغاندا، بۇ ئىسلاھاتقا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئۈچۈن بولسا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مەۋھۇم ئىشلارنى ئەستايىدىل تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش جەھەتلەردە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بىر يۈرۈش چارىلىرى بار، بىز ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم. لېكىن، بۇنداق ئۆگىنىشتە جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشىمىز، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈپ تۈزۈمىنى ئاساس قىلىشىمىز، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىنى تۇتۇشىمىز كېرەك. چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىنىڭ ئىلغارلىرىمۇ بار، قالاقلىرىمۇ، ھەتتا چىرىكلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ جەۋھىرى بىلەن شاكىلىنى ئايرىشقا ماھىر بولۇشىمىز، جەۋھەر قىسمىدىنمۇ بىزگە كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئايرىپ چىقىشىمىز لازىم. بەزى نەرسىلەر چەت ئەلدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دۆلىتىمىزدە بولسا، مۇۋاپىق بولماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاشمايدۇ، تارىخ، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن ئوخشاشماسلىقلار بار، شۇڭا بىز پەقەت بىزگە كېرەكلىك ۋە ھەقىقىي كارغا كېلىدىغان نەرسىلەرنىلا ئۆگىنىشىمىز لازىم. چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىنى تەھلىل قىلمايلا پۈتۈنلەي ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا خىلاپ، بۇ بىز دەۋاتقان ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئەمەس. مانا مۇشۇ كونكرېت

تەھلىل قىلىش جەريانى مەۋھۇم ئىشلارنى تونۇش جەريانىدۇر.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئىشلىسەكلا كۇپايە، مەۋھۇم ئىشلارنى تونۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىشلەش كېرەك، لېكىن قارىسىغا ئىشلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. نېمىنى ئىشلەش، قانداق ئىشلەشتە بىلىم بار، بۇنى مەۋھۇم ئىشلارنى تونۇش ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. بىرىنچى، ئېنىق نىشان، ئىلمىي ئۆلچەمگە ئەمەل قىلىش كېرەك. بۇ نىشان قانداقتۇ باشقا زامانىۋىلاشتۇرۇش بولماستىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتۇر؛ بۇ ئۆلچەم يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشتىن ئىبارەت ” ئۈچكە پايدىلىق بولۇش “ تىن ئىبارەت. مۇشۇ نىشانغا ۋە ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولغانلىكى ئىشلارنى يۈرەكلىك تونۇش، قەتئىي قىلىش كېرەك. زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى قىلىشتا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، يۈرەكلىكرەك بولۇش لازىم. يۈرەكسىزلىك، قورقۇنچاقلىق قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن، رەھبىرىي كادىرلار چوڭ-چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە كاللىسىنى سەگەك تۇتۇشى كېرەك. مەسىلەن، بەزىلەر، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىشنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم، دەپ قارايدۇ، بىز بۇنداق ئىشنى قىلساق، قوللىساق بولمايدۇ، بەلكى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ئىككىنچى، يۇقىرى قىزغىنلىقمۇ بولۇشى، ئىلمىي پوزىتسىيىمۇ بولۇشى لازىم. قىزغىنلىق، غەيرەت بولمىسا، چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىلا بىلسەك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن، قىزغىنلىقنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئىلمىيلىكنى تەكىتلەش كېرەك، قىلىمىز دېگەن ئىشنى دەرھال قىلىش، چاقماقتەك تېز ھەرىكەتكە كېلىش ئىستىلى ئەتراپلىق ئويلىنىش، ئىلمىي تەدبىر كۆرۈش ئاساسىدا تىكلىنىشى كېرەك، مانا مۇشۇنداق ئىستىللا ماختاشقا ئەرزىيدۇ. تولۇق مۇزاكىرە قىلماي، ئىلمىي دەلىللەشتىن ئۆتكۈزمەي، كاللىغا كەلگەن بويىچىلا راسا ئىشلەشنى قارار قىلساق، قارغۇلۇقتا پېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز تەس بولىدۇ. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، بەزى جايلار ئوبيېكتىپ ئىمكانىيەتكە قارىماي، ھە-ھۇ بىلەنلا تەرەققىيات رايونى قۇرۇش، ئۆي-جاي قۇرۇلۇشى قىلىشقا تۇتۇش قىلىپ كەتتى، نەتىجىدە، مۇنبەت ئېتىزلار تېتىرلىشىپ كەتتى، مەبلەغ ئىسراپ بولدى، مانا بۇ ئىلمىيلىكنىڭ كەم بولغانلىقىدىن بولغان. ئۈچىنچى، يەنە ئىشلەشنىڭ ئۇسۇلىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمىتى ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشنى بىۋاستە تۇتۇشى ۋە كونكرېت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بىۋاستە تۇتۇش قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىمۇ مۇھىم-مۇھىم ئەمەسلىكى، ئالدىراش-ئالدىراش ئەمەسلىكىگە قاراپ ئايرىش كېرەك،

ھەممىنى بىراقلا تۇتۇشقا بولمايدۇ. رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشتە ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇش لازىم. ئومۇمىيلىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ھالقىنى تۇتقاندا، ئومۇمىيلىقنى يېتەكلەپ، ئاز ئىش بىلەن جىق نەتىجە يارىتىش ئۇنۇمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇھىم ئىشلارنى تۇتۇش ئىش قىلىشقا زىت ئەمەس. خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدا مېڭىنى ئىشقا سېلىپ كۆپرەك ئويلاش، مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە سوغۇققانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ پايدىسى ئىنتايىن زور، بۇنداق قىلغاندا، ئەقەللىسى قارىغۇلۇقنى ئازايتىپ، ئاڭلىقلىقنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنى تەكىتلىگەنلىك باش كۆتۈرمەي ئىشلەيدىغان قۇرۇق ئىشۋازلىقنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس. رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشتە ئەمەلىي ئىشلارنىمۇ تۇتۇش، مۇھىم ئىشلارنىمۇ تۇتۇش كېرەك. ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتقاندىلا، ئاندىن بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلغىلى بولىدۇ؛ مۇھىم ئىشلارنى تۇتقاندىلا، ئاندىن يىراقنى كۆرگىلى، ئالغا بېسىش يۆنىلىشىدىن ئاداشماي ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بىرەر رايون، بىرەر تارماققا مەسئۇل بولغان رەھبىرىي كادىر مۇھىم ئىشلارنى تۇتماي، ئەمەلىي ئىشلارنىلا تۇتسا تېخىمۇ بولمايدۇ، ئۇلار مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ مۇھىم ئىشلارنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. بىرەر رايون، بىرەر تارماقنىڭ خىزمەت ئومۇمىيلىقىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە خىزمەت ئومۇمىيلىقىنى ھەر ۋاقىت كۆڭۈلگە پۈكۈپ قويۇشى ھەمدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيلىقىنى چۆرىدىگەن ھالدا، چوڭ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتتۇرۇشى، چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشى، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇشى لازىم. ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى دائىم كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئومۇمىي خاراكتېرلىك چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن خىزمەت فاڭجېنى ۋە كونكرېت ۋەزىپىلەرنى بەلگىلىشى لازىم. مەسىلەن، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىدە، ” بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا “ نىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بىلەن جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش شۇنىڭدەك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش، ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئاساسىدا ئادىل بولۇشقا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىنى قانداق

ئىزچىللاشتۇرۇش، قانداق قىلىپ يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، قانداق قىلىپ چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش، يېڭى دەۋردە كېلىپ چىققان خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى قانداق ھەل قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان مەسىلىلەردە، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش نۇقتىسىدىن ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن، مۇناسىپ ھالدا توغرا تەدبىر بەلگىلىشى لازىم. رەھبىرىي كادىر مۇھىم ئىشلارنى ئەستايىدىل تۇتمىسا، ئومۇمىيلىق مەسىلىسىدە كۆڭۈلدە سان بولمىسا، ياكى ئېنىق تونۇش ۋە مۇۋاپىق تەدبىر بولمىسا، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدىن ئادىشىپ قالىدۇ، بۇنداقتا، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇھىم ئىشلارنى تۇتۇشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ھەم رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى، ھەم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ يولىدۇر. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ ئوچۇق كۆرسەتكەنىدى: رەھبىرىي كادىرلار ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى ئاساس ھازىرلىشى كېرەك. يېقىندا ئۇ يەنە بىر قېتىم مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: " ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك كۆڭۈل بۆلۈپ، نەزەرىيىۋى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. نەزەرىيىۋى جەھەتتىن سەگەك ۋە قەتئىي بولغاندىلا، ئاندىن سىياسىي جەھەتتىن سەگەك ۋە قەتئىي بولۇشنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ." يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن بۇيان، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش كەيپىياتى بارغانسېرى قويۇقلاشتى، لېكىن، شۇنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقكى، نەزەرىيىگە سەل قارايدىغان ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت. بەزى يولداشلار، نەزەرىيە مۇھىم نەرسە، خىزمەتلەر شۇنچە ئالدىراش تۇرسا، بۇ مۇھىم نەرسىنى تۇتۇشقا نەدە ۋاقىت بولسۇن، دەپ قارىماقتا. بۇ بىر خىل يىراقنى كۆرەلمەسلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەزەرىيە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، قولغا چىقمايدىغان نەرسە بولسىمۇ، ئەمما ھەرگىز قۇرۇق نەرسە ئەمەس. ئىلمىي نەزەرىيە كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە بولغان تونۇشى، ئۇنىڭ رولى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلالىشىدا. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىدىن ئابستراكسىيىلىنىپ چىققان، يەنە كېلىپ ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان ئىلمىي نەزەرىيە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ راۋاجى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ قىبلىنامىسىدۇر. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە جەۋھىرىنى توغرا ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسى-

يالىزىم قۇرۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىگە ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ناھايىتى ئالدىراشلىقى پاكىت، لېكىن ئالدىراشلىق سەۋەبىدىن نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. رەھبىرىي كادىرلار ھەم ئەمەلىي ئىشلار بىلەن بەنت بولۇشى، ھەم ئالدىراشچىلىقتا ۋاقىت چىقىرىپ مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشى، كىتاب كۆرۈپ ئۆگىنىشى، نەزەرىيە ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. بەزى يولداشلار كۈنبويى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتىسىمۇ ھېچقانچە نەتىجە يارىتالمايدۇ، ھەتتا ئالدىراپ يۈرۈپ ئىشنى خاتا قىلىپ قويىدۇ، سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم بىرسەۋەب شۇكى، ئۇلار ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللانمىغان، نەزەر دائىرىسى تار، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە نەزەر سېلىپ كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرەلمەيدۇ، شۇڭا، ئۇلار ھەرقانچە ئالدىراش يۈرسىمۇ نۇقتىلىق، ھالقىلىق ئىشلارنى تۇتالمايدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن پىشىپ يېتىلمىگەن رەھبەرنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنىڭ ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. نۆۋەتتە ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ، ھەر بىر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، تۈيغۇغىلا تايىنىش بىلەن ئىشنى ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ ئىنتايىن چوڭقۇر مۇنداق بىر داۋلىنى ئېيتقانىدى: "ھېس قىلغان نەرسىلەرنى دەرھال چۈشىنەلمەيمىز، پەقەت چۈشەنگەن نەرسىلەرنىلا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. تۈيغۇ ھادىسە مەسىلىسىنىلا ھەل قىلىدۇ، نەزەرىيىلا ماھىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. " چىگىش-مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىگە دۇچ كەلگەندە توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش ھەمدە ھادىسىدىن ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تۇتۇپ، مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش، خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ئىلمىي دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى تىرىشىپ ئىگەللەش لازىم.

رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشتە، مۇھىمى، ئەمەلىي ئىشلار بىلەن مەۋھۇم ئىشلارنى ناھايىتى ئوبدان بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنى قانداق بىرلەشتۈرۈش كېرەك؟ بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى نۇقتا بار. بىرىنچى، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشتا ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنى ئاساس قىلىش كېرەك، ئەمەلىي ئىشلار تۇتۇشتا مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم. چۈنكى، بىز مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش ئۈچۈنلا مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتمايمىز، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشتىن مەقسەت ئەمەلىي ئىشلارنى تېخىمۇ ئوبدان تۇتۇش. ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنى ئاساس قىلغاندىلا، ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش داۋامىدا يولۇققان تۈرلۈك ئەھۋال ۋە مەسىلىلەر، ئېرىشكەن تۈرلۈك تەجرىبە، تەسىراتلار ئۈستىدە بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىش ئاساسىدا ئويلانغان ۋە ناچىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخشىسىنى ئىلغىۋېلىش، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا تاللىغاندىلا، ئاندىن ئىلمىي تونۇش ھاسىل قىلىپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ ۋە

قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشقا ئۇنۇملۇك يېتەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساستىن ئايرىلغاندا، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەخكە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ، بۇنداقتا مەۋھۇم ئىشلارنى ئوبدان تۇتقىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ قالمايدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشتا، ئالدى بىلەن ھەقىقەتكە ئىنتىلىش كېرەك، ئەمەلىي ئىشلەشتە ئەمەلىي تەدبىر بولۇشى لازىم. ھەقىقەتكە ئىنتىلىش دېگەنلىك، ھەقىقەت ئىزدەش، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىش دېگەندىن ئىبارەت؛ ئەمەلىي تەدبىر بولۇش دېگەنلىك ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، ھەقىقىي ئاقىدىغان يول ياكى ئۇسۇل-چارىلەرنى تېپىپ چىقىش دېگەنلىكتۇر. ھالبۇكى، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش جەريانى دەل ھەقىقەت ئىزدەش جەريانى، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىش جەريانىدۇر. مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغاندىلا، ئاندىن ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشقا توغرا يېتەكچىلىك قىلغىلى، ئۇنىڭدىن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى، بولۇپمۇ نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئىشىنى كۆپرەك ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ ھەم ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنىڭ تەلىپى، ھەم مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشنىڭ تەلىپى. بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش روھىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراشتا، مۇھىمى، ئۇنىڭ ئاممىنىڭ ئارىسىغا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان-قىلمىغانلىقىغا، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكۈپ، نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قوشقاچ ئوپېراتسىيىسى قىلغان-قىلمىغانلىقىغا قاراش لازىم؛ بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشقا ماھىر ياكى ماھىر ئەمەسلىكىگە قاراشتىمۇ، ئۇنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر ياكى ماھىر ئەمەسلىكىگە، تەكشۈرۈش داۋامىدا مەسىلىلەرنى بايقاپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر ياكى ماھىر ئەمەسلىكىگە قاراش كېرەك. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇش بىلەن مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ياخشى شەكلىدۇر. دائىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلارنىمۇ، مەۋھۇم ئىشلارنىمۇ. تۇتۇپ، مەۋھۇم ئىشلارنى تۇتۇش بىلەن ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇشنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قابىل رەھبەر بولغىلى بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە دائىر مۇھاكىمە .**

# جايىدا بولغان تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم

**لى چېڭرۇي**

سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ئوچۇق كۆرسەتتى: ” پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇشنىڭ ئاچقۇچى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا. “ ” تەرەققىيات —— چىڭ قائىدە. “ ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 782-، 787-بەتلەر ) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە مۇنداق دەپ ئوچۇق كۆرسەتتى: ” دەرۋەقە، سۈرئەتنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان دەرىجىدە يۇقىرى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرمەستىن، پۇختا ئىشلەش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، تەرەققىياتنى پۇختا قەدەم بىلەن تەكشى داۋاملاشتۇرۇش لازىم. “ ” ئالدى بىلەن باشقۇرۇشنى ۋە سۈپەتنى ئوبدان تۇتۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ۋە ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، شۇنداق سۈرئەتلا جايىدا بولغان بولىدۇ. “ ( يۇقىرىقى كىتاب، 783-، 290- 291-بەتلەر ) قانداق قىلىپ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي ئىدىيىسىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ، ھەم تەرەققىياتنىڭ چىڭ قائىدە ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاش، ھەم تەرەققىيات سۈرئىتىنى جايىدا قىلىش، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى، مىقدارنى ئاشۇرۇش بىلەن سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىرلىكىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىمىزنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدە ئوبدان ھەل قىلماي بولمايدىغان زور مەسىلە، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا ۋە 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2-يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئىلگىرىكى 30 يىللىق تەرەققىيات ئاساسىدا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى ئاستىدا جۇش ئۇرۇپ ئالغا قاراپ راۋاجلاندى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى ئاشتى، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى. مۇۋەپپەقىيەت غايەت زور بولدى. 1979-يىلدىن 1991-يىلغىچە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئېشىش نىسبىتى %8.6 كە يېتىپ، دۇنيا بويىچە ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئاشقانلىقى

ھەممىگە ئايان پاكىت. شۇنداقتىمۇ، جايىدا بولغان سۈرئەتنى ئىشقا ئاشۇرالىدۇقمۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۆسكەنلىك، ئۆسمىگەنلىك، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشەلگەن-تەڭشەلمىگەنلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ھېسابلىشىچە، 1993-يىلى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ھەقىقەتەن ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئۆسكەن. 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈشىنى 100 دېسەك، ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ 1992-يىلدىكى 89.5 تىن ئۆسۈپ 96.6 گە يېتىپ، 7.1 ئۆسكەن بولىدۇ. لېكىن، 1993-يىلى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى يەنىلا 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 3.4 تۆۋەن بولغان بولىدۇ، ھالبۇكى، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىمىز تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن تۆۋەن، خەلقئارا سەۋىيىدىن تېخىمۇ روشەن ھالدا تۆۋەن. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ”قايچىسىمان پەرقى“ چوڭىيىپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستىلاپ كەتتى، بۇ، نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا توختالساق، مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ دەھشەت ئېشىشى، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ بەك كەڭ بولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن قۇرۇلۇش مۇددىتى ئۇزىراپ كېتىش، ئۈنۈم تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. 1993-يىلى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇش نىسبىتى 47.3% بولۇپ، 1992-يىلدىكى 65.6% تىن 18.3% چۈشۈپ كەتكەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىشىنى كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ماس كەلمىگەنلىكى، بايلىقنى تەقسىملەشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزدە ئاساس مۇئەسسەسە ۋە ئاساس سانائەت ئىقتىدارى يېتىشمەسلىك بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئىقتىدارى ئارتۇق بولۇشتەك زىددىيەت ساقلىنىپ كەلدى. تۆمۈريولدىن ئېلىپ ئېيتساق، سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1% ئاشسا، تۆمۈريولنىڭ مال توشۇش ئىقتىدارى 0.5% ئاشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. 1989——1990-يىللىرى ئوتتۇرىچە 1 : 0.3، 1991——1992-يىللىرى ئوتتۇرىچە 1 : 0.2 بولغان، 1993-يىلى تېخىمۇ جىددىيلەشكەن، بەزى چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئېغىزلارنىڭ توشۇش ئىقتىدارى تەلەپنىڭ 60 پىرسەنتىنىلا قاندۇرالىغان. ئېنېرگىيىنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، بىرمۇنچە زاۋۇتلاردا توك يېتىشمەي، ھەپتىدە ”ئىككى كۈن توختاپ بەش كۈن ئىشلەش“، ”ئۈچ كۈن توختاپ تۆت كۈن ئىشلەش“ ئەھۋالى كېلىپ چىققان. ئېنېرگىيە تەرەققىياتى كېيىن قالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى كارخا-

www.uyghurkitap.com

نىلىرى ھەـھۆ بىلەنلا قۇرۇلۇپ قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولغاچقا، بازارنىڭ سىغىمىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپلەپ ئوشۇقچىلىق قىلىپ قالدىغان ۋە بىكار قالدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى %30، بىرمۇنچە ماشىنىسازلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى %25، بىرمۇنچە ئېلېكترونلۇق ئىستېمال بۇيۇملىرى كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى %40 —— %50 بىكار قالدى. كەسپلەرنىڭ مىقدار قۇرۇلمىسىدىكى بۇنداق مۇۋاپىقسىزلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تۆۋەنلەتمەي قويمىدى.

قوشۇلما مىقدار قۇرۇلمىسى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1993-يىلى ياخشىلانغان تەرەپمۇ بولدى. قاتناش، پوچتا-تېلېگراف، ئالاقە جەھەتلەرگە سېلىنغان مەبلەغ خېلى كۆپ ئۆستى، ئۇنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگەللىگەن نىسبىتى ئالدىنقى يىلدىكى %14.7 تىن ئېشىپ %20.2كە يەتتى، بۇ ئادەمگە ئىلھام بېرىدۇ. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن، ئېنېرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىيال سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ نىسبىتى ئالدىنقى يىلدىكى %58.9 تىن %53.6كە چۈشۈپ قالدى، شۇنداق قىلىپ، بۇ كەم ساھەلەر تېخىمۇ كەم بولۇپ قالدى، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتكەن بەزى تارماقلىرى بولسا يەنىلا كۆپىيىپ كەتتى. تۆۋەن سەۋىيىدىكى تەكرار قۇرۇلۇشلار، قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۇششاقلاپ كېتىش، تارقاقلىشىپ كېتىش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت، ھەتتا ئەۋج ئالماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرى ئىستېمالغا لايىقلاشقان بىنا، زال، مېھمانخانا،ساراي، ئالىي داچا، دەم ئېلىش ئورنى، ئويۇن-تاماشا سورۇنلىرى بەك كۆپ بولۇپ كېتىش مەسىلىسىمۇ بار. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇلتۇر تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ %50.6 ئاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىستېمال فوندى كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پۇل ( نەخ پۇل ) نىڭ تارقىتىلىش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىردىنلا %35.3 كۆپەيدى، كەڭ مەنىدىكى پۇل$M_2$ %24 كۆپەيدى، بۇلار مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %13.4 لىك ئېشىش ھەجمىدىن كۆپلەپ ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن 1993-يىلىماللارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى كۆرسەتكۈچى %13، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىرىلىش باھاسى %24 ئۆرلەش بىلەنلا قالماي، 1994-يىلى خېلى زور پۇل پاخاللىقى بېسىمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇ يىل بىرىنچى پەسىلدە مەملىكەت بويىچە ماللارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى %20.1 ئۆرلىدى. مانا بۇلار ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا پايدىسىز، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسىز.

دېمەك، مەملىكىتىمىزدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك كارخانىلار بارلىققا كەلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىمۇ بەزى جەھەتلەردە ياخشىلاندى. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا،

خەلق ئىگىلىكىمىز ئۇنۇم-سۈرئەت تىپىدىكى ئىگىلىك بولماستىن، بەلكى يەنىلا سۈرئەت-ئۇ-
نۇم تىپىدىكى ئىگىلىك؛ ئىچكى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرا ئىشلەپچىقىرش ئاساس قىلىند-
ماستىن، تاشقى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرش ئاساس قىلىنىدىغان ئىگى-
لىك؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش مەسىلىسى تېخى تۈپتىن ھەل بولمىدى؛
خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساپاسى ھېلىھەم تۆۋەنرەك. دېمەك، سۈرئەتنىڭ جايىدا بولۇشى ئۈچۈن،
تېخى خېلى كۆپ پەرق بار، يەنە ئېگىلمەي-پۈكۈلمەي زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا
كېلىدۇ. بىزدە بۇنىڭغا قارىتا سەگەك ۋە ئوبيېكتىپ تونۇش بولۇشى كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، مەملىكىتىمىز-
نىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈچ قەدەم بويىچە ئېلىپ بېرىشتىن
ئىبارەت ئۇلۇغۋار تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، قۇرۇلمىنى سەر-
خىللاشتۇرۇش، ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا يۇقىرى سۈرئەت يارىتىش نىشان قىلىنغان
ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرمىدۇر. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 14- قۇرۇلتىيىدا
بەرگەن دوكلاتىدا 90-يىللاردىكى تەرەققىيات ۋەزىپىسى توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق دەپ
كۆرسەتكەن: بۇ ئون يىلدا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى يىلىغا ”8% تىن 9% كىچە
ئاشۇرۇش مۇمكىن، بىز مۇشۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. سۈپەتنى ئۆستۈ-
رۈش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئۇنۇمنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا، مۇشۇنداق تەرەققىيات
سۈرئىتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرساق، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ
ئومۇمىي ساپاسى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي كۈچى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ.“ يولداش
دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسى ۋە يۇقىرىقى تەلەپلەرگە ئاساسەن، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇ-
رۈش، ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا جايىدا بولغان تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش
كېرەكمۇ ياكى ئۇنۇم تۆۋەن، سېلىنما يۇقىرى بولغان، مەھسۇلات قىممىتىنى بىرتەرەپلىمە
ھالدا قوغلىشىدىغان تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن قانائەتلىنىش كېرەكمۇ، بۇ ئوخشاش بولمى-
غان ئىككى خىل تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدۇر. مەركەز بېكىتكەن بىردىنبىر توغرا بولغان
ئالدىنقى تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مېنىڭچە، ئىدىيىدە
بۇرۇلۇش ياساش ۋە قاراشنى يېڭىلاش جەھەتتە، مۇنۇ جەھەتلەردىن ھەقىقىي تۈردە يەنىمۇ
ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

**بىرىنچى، مەھسۇلات قىممىتىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا قوغلىشىش ئىدىيىسىنى ئىقتىسادىي
ئۈنۈمنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىگە ھەقىقىي ئۆزگەرتىش كېرەك.** ھەقىقىي بايلىق دېگەن نېمە؟
ماركس مۇنداق دېگەنىدى: ”ھەقىقىي بايلىق دېگەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازراق قىممەت
بىلەن كۆپرەك ئىستېمال قىممىتىنى يارىتىش دېگەنلىكتۇر، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازراق ئەمگەك ۋاقتىدا مولراق ماددىي بايلىق يارىتىش دېگەنلىكتۇر.“ («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» ، 26-توم ، 281-بەت ) كىشىلەر دائىم ”تورتنى يوغانراق
پىشۇرايلى“ دېيىشىدۇ، بۇ تامامەن توغرا. لېكىن ” تورت “ نىڭ قۇرۇق ماددىلارلا

ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، سۇنى جىق ئارىلاشتۇرۇش يولى بىلەن پىشۇرۇلغان "تورت" ھەرقانچە يوغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق. " ئەمەلدار بولغان ئادەم شۇ ئورۇنغا بەخت-سائادەت يارىتىشى كېرەك" دېگەن گەپمۇ بار، بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى، لېكىن، جاپاغا چىداپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرگەن شۇنداشلا ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگەندىلا، خەلققە ھەقىقىي ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك بەخت-سائادەت كەلتۈرگىلى بولىدۇ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تاللىشىش، قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلىشىنىلا بىلىپ، پايدا-زىيان بىلەن ھېسابلاشمىغاندا ياكى نۆۋەتتىكى قىسقا ۋاقىتلىق مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ، "ئەجدادلارنىڭ ئىشى" ۋە "ئەۋلادلارنىڭ ئىشى"نى يېگەندە، ئىش ئارزۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، خەلققە بالا-قازا كېلىشى مۇمكىن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش يولىغا ھەقىقىي سېلىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى شۇنداقلا بۇ فاكجېننى "يېڭى ئوي-پىكىر" دەپ ئاتىدى. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار " يېڭى ئوي-پىكىر "نى ئەستايىدىل ئېچىپ، مەسئۇلات قىممىتى ۋە سۈرئەتنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىپ ئۆز ئارا بەسلىشىدىغان ھەتتا قاتمۇقات كۆرسەتكۈچنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان شەكىللۋازلارچە كونا ئوي-پىكىرنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلىشى لازىم. يېقىندا بەزى جايلاردا كۆنسايىن ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسىنى ساختا مەلۇم قىلىش ئەھۋالىغا كەلسەك، بۇنداق چىرىكلىك ئىستىلىنى تاشلىۋېتىش مۇتلەق زۆرۈر.

**ئىككىنچى، تاشقى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئىچكى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسىگە ئۆزگەرتىش كېرەك.** ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا، تاشقى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشمۇ، ئىچكى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر، ھالبۇكى، ئىككىسى كۆپ ھاللاردا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپىدە، تاشقى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە بەكرەك ئەرزىيدۇ. لېكىن، خەلق ئىگىلىكى كۆلىمىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇنى دەل ۋاقتىدا، قەتئىي تۈردە ئىچكى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش يولىغا سالغىلى بولىدۇ. ھازىر بار بولغان كارخانىلارنىڭ ئادەم كۈچى، ئورنى، بىنا-ئىمارەتلىرى ۋە باشقا شارائىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، دەرھال تېخنىكىنى ئۆزگەرتىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرگەندە، يېڭى قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلغاندىنمۇ تېزرەك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى، چوڭراق ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن 1982-يىلى مەخسۇس قارار چىقىرىپ، "ئىچكى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس، تاشقى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى قوشۇمچە قى-

لىش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇشنى ئوچۇق بەلگىلىدى. بۇ قارار ئاز-تولا ئۇنۇمگە ئېرىشكەن
بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇلمىدى. 1993-يىلى تۇراقلىق
مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ %68نى، تېخنىكا
ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ %32نى تەشكىل قىلغان. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ
ئۈچتىن بىرىگىمۇ يەتمەيدىغان بۇ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغنىڭ بىرقىسمى تېخى
" تېخنىكا ئۆزگەرتىش دېگەن نام بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن. " مەملىكىتىمىز-
دە دۆلەت كارخانىلىرى ئىلگىرىمۇ ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى، ھازىرمۇ قوشۇۋاتىدۇ.
لېكىن، نۆۋەتتە بۇ كارخانىلارنىڭ بىر قىسمىنىڭلا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالى بىرقە-
دەر ياخشى، قالغان كارخانىلار تارىخىي يۈك ۋە ئىجتىمائىي يۈكنىڭ زىيادە ئېغىر بولۇشى
ھەم مېخانىزم جانلىق بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىيىن ئەھۋالدا ياكى چېكى-
نىش ھالىتىدە تۇرماقتا، بۇ كارخانىلارنىڭ تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە
قالاق، ئۇنى ئۆزگەرتىپ يېڭىلاشقا بولسا ماغدۇرى يوق. ئۇزاققىچە مۇشۇنداق بولۇۋەرسە،
بازار رىقابىتىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى قانداقمۇ جارى قىلدۇرغىلى
بولسۇن؟ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا قانداقمۇ كاپالەتلىك
قىلغىلى بولسۇن؟ مانا بۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ مەسىلە. خۇشاللى-
نارلىقى شۇكى، يېقىندا بەزى جايلار بۇ مەسىلىنى تونۇپ يېتىپ، " كۆپرەك ئۆزگەرتىش،
ئازراق يېڭىدىن قۇرۇش " ، " ئاۋۋال ئۆزگەرتىش، كېيىن يېڭىدىن قۇرۇش " دېگەن توغرا
پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پرىنسىپنى تىرىشىپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەستايىدىل ئەمە-
لىيلەشتۇرۇش لازىم. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئىچكى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىش فاڭجې-
نىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ياشلىق باھارىنى تېزرەك
ئۇرغىتىش لازىم.

**ئۈچىنچى، دۆلەتكە تايىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە بازار رىقابىتىدە ياشاشقا
ئىنتىلىش، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش ئىدىيىسىگە ئۆزگەرتىش كېرەك.** ئىقتىسادىي خادىملارنىڭ ھەم-
مىسى بازاردىن ئىبارەت دېڭىزدا سۇ ئۈزۈش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. بازار رىقابىتى
مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ۋە پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى جەھەتتىكى رىقابەتتۇر، شۇنداقلا تەننەرخ،
باھا جەھەتتىكى رىقابەتتۇر. بازار كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى قاتتىق سىنىغۇچىدۇر،
شۇنداقلا كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى قۇدرەتلىك بېسىم ۋە ھەرىكەتلەندۈر-
گۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. رىقابەتتە غالىپ بولۇپ چىققانلار كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ؛
مەغلۇب بولغانلار رەھىمسىزلىك بىلەن شاللىنىپ كېتىدۇ. بارلىق كارخانىلار ۋە ئىقتىسادىي
خادىملار ئىچكى بازاردىكى كەسكىن رىقابەتكە يۈزلىنىپلا قالماستىن، بەلكى كۈنسايىن قىسىپ
كېلىۋاتقان كەسكىن خەلقئارا رىقابەتكىمۇ يۈزلىنىشى كېرەك. ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ
تاموژنا بېجى-سودا باش كېلىشىمىدىكى قانۇنىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتى كۈندىن-

كۇنگە يېقىنلاشماقتا. بىز پائال تەييارلىق كۆرۈپ، ماللىرىمىزنى چەت ئەلنىڭ ماللىرى بىلەن بەسلەشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك. بارلىق ئامالالار بىلەن سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، تەننەرخنى چۈشۈرگەندىلا، تامۇژنا بېجى-سودا باش كېلىشىمىدىكى ئورنىمىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان زەربىگە بەردا شلىق بېرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرالايمىز ۋە ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ، زورىيىپ بارالايمىز.

**تۆتىنچى، سۈرئەتنىلا قوغلىشىپ، نىسبەتكە سەل قاراش ئىدىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئىزچىل تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيىسىگە ئۆزگەرتىش كېرەك.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”تەرەققىيات نىسبەت بويىچە بولمىسا، پۇختا ۋە ھەقىقىي ئىشەنچلىك يۇقىرى سۈرئەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس“ ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 253-بەت ) . ئەمەلىيەتمۇ دەل شۇنداق بولدى، ھەرقېتىم خەلق ئىگىلىكىدە چوڭ-چوڭ نىسبەت مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلغاندا، ئىقتىسادتا گاھ يۇكسىلىش، گاھ چۈشۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، ئىقتىسادنى تېز راۋاجلاندۇرىمەن دېگەن بىلەن ئەكسىنچە تەرەققىيات ئاستا بولۇپ قالدى. خەلق ئىگىلىكىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى بىر تەرەپتىن، ماددا فورماتسىيىسى جەھەتتىكى بىرىنچى تۈر بىلەن ئىككىنچى تۈر (ئومۇمەن، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ) ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قىممەت فورماتسىيىسى جەھەتتىكى ئىستېمال بىلەن جۇغلانمىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى. نىسبەت مۇناسىۋىتى مۇۋاپىق بولغاندىلا، خەلق ئىگىلىكى ياخشى ئايلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، يۇقىرىراق سۈرئەت ۋە ياخشىراق ئومۇمىي ئۈنۈم بارلىققا كېلىدۇ. بىر ماشىنىنىڭ بىرقىسىم دېتال-بۆلەكلىرى كەم بولسا، بۇ ماشىنا ھەرىكەتكە كېلەلمەيدۇ. خەلقئارا تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىكى يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىش باسقۇچىغا يەنى ئاتالمىش ” ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش باسقۇچى “ غا قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن ” ياردەمچى يۈگۈرۈش باسقۇچى “ بولۇشى كېرەك، بۇ باسقۇچ ئارقىلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ئاساسەن راۋانلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى بىلەن ئاساسىي سانائەتنىڭ ئۇلىنى پۇختىلىۋېلىش لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا، يۇقىرى سۈرئەت ئۇزاققىچە داۋاملىشالمايدۇ، مەلۇم ۋاقىتقا بارغاندا بوغمىلارنىڭ چەكلىمىسى ئارقىسىدا، سۈرئەتنى ئاستىلىتىشقا توغرا كېلىدۇ-دە، ئىشنىڭ كەم يېرىنى باشتىن تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ھەر نۆۋەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات بەك تېز بولۇپ كەتكەندە، ھەرقايسى جەھەتلەر ئۇنى سىقىپ چىقىرىپ، بۇنى سىقىپ چىقىرىپ، ئاخىرىدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولغان يېزا ئىگىلىكىنى سىقىپ چىقاردى. مەملىكىتىمىزدە 80-يىللارنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن، يېزا ئىگىلىكى، ئېنېرگىيە، قاتناش ۋە مائارىپ، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدە مۇھىم نۇقتا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى، ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ جەھەتلەردە مۇتلەق مىقدار

جەھەتتە خېلى زور تەرەققىياتلار بولدى، لېكىن پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىگە نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، بۇلار يەنىلا ئاجىز ھالقىلار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، پىلان ۋە بازاردىن ئىبارەت ئىككى ۋاستىنى قوللىنىپ، بۇ ئاجىز ھالقىلارنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. جۇغلانما —— خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم مەنبەسى، ھەر يىلى كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن سېلىنغان مەبلەغنىڭ قۇرۇلمىسى ئوبيېكتىپ نىسبەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى، كۆلىمى دۆلەتنىڭ كۈچىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ” قۇرۇلۇشقا ھەقىقىي تۇتۇش قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئاز-تولا تايانچ قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، تايانچ قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بارمىساق بولمايدۇ. قىيىنچىلىق ھەرقانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. مەبلەغ، ماتېرىيال يېتىشمىسە، جايلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى، بولۇپمۇ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە دائىر ئادەتتىكى قۇرۇلۇشلارنى قىسقارتىۋەتسەكمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئۇششاق قۇرۇلۇشلارغا ھەرقانچە كۆپ تۇتۇش قىلىنغان بىلەنمۇ جانغا ئەسقاتمايدۇ. “ ” سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كۈچنى توپلاپ چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش “ لازىم. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ” تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى چوقۇم تىزگىنلەش، ئاساسىي قۇرۇلۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. “ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 30-، 787_788-، 290-بەتلەر) مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەمەلىيەت قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، مەبلەغ سېلىش كۆلىمى مۇۋاپىق چەكتە بولسا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مۇۋاپىق چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئەكسىنچە رول ئوينايدۇ. چۈنكى، تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنىدىغان مەبلەغ خېلى مەزگىلگىچە ئەمگەك كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلەيدۇ، ھالبۇكى، بۇ مەزگىلدە ئۇنۇمى بولغان ھېچقانداق مەھسۇلات يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنىدىغان مەبلەغ بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، مۇقەررەر ھالدا تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە بىرنەچچە قېتىم يۈز بەرگەن بىرقەدەر يۇقىرى پۇل پاخاللىقى تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغان. بىز بۇ جەھەتتە تۆلىگەن ” ئوقۇش خىراجىتى “ يېتەرلىك كۆپ بولدى.

جايىدا بولغان سۈرئەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ستراتېگىيىلىك ئىدىيە مەسىلىسىنى ناھايىتى ئوبدان ھەل قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ھەرىكەت مېخانىزمى جەھەتتە تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى قارارى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا تۈزۈپ چىقىلغان ئىسلاھات پىلانىغا ئاساسەن، ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش،

نۇقتىلىق بۆسۈش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى نۇقتىلىق ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تومۇرىنى ئىگەللىگەن بۇ كارخانىلارنى ھەقىقىي تۇردە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي تاپقۇزىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەپ تۇرىدىغان قانۇنىي ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنى تۇرلۇك ”بوقچا“ دىن قۇتۇلدۇرۇپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى بازار رىقابىتىدە ئىچكى ئامىللىق ۋە ئۇنۇمدارلىقىنى ئاساس قىلغان كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئۆستۇرۇش جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان قىلىش لازىم. مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تىرىشىپ تېزلىتىپ، قانۇنىي ئىگىنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە بانكىنىڭ كرېدىتى بويىچە خېيىم-خەتەر مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي مېخانىزم جەھەتتىن مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ بەك كەڭ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەبلەغ سېلىش ئۇنۇمىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. كۈچلۈك، ۋاستىلىك تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ئاساس قىلغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي تەمىنات بىلەن ئىجتىمائىي تەلەپنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، پىلانلىق ھالدا خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشقا يېتەكلەش لازىم.

( ئاپتور: دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى )

تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# كىتابخانىلار سەمىگە

نەشرىياتىمىزغا نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن لۇغەت ئورىگىنالى ئەۋەتمەكچى بولغان ئاپتورلىرىمىزغا مۇنۇ ئىشلارنى ئۇقتۇرىمىز:

لۇغەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قالايمىقانچىلىق ۋە خاتالىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، لۇغەت ئورىگىنالى ئاۋۋال ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتىغا ئەۋەتىلىشى كېرەك. بۇ كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورىگىنالنىڭ سۈپىتىگە قاراپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىش-قىلماسلىقنى ئويلىشىدۇ. ئاپتورلارنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشىنى ۋە بۇ پىكرىنى ئۆزئارا كەڭ تەشۋىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

《求是文选》（维吾尔文版）　国外代号:M5——V 国内统一刊号:CN11—2498

邮发代号 2—373　定价:0.95 元　邮政编码:　100013